1
2010

# ميراس

# MIRAS

# 美拉斯

MIRAS HERITAGE OF UYGHUR FOLK CULTU



مەملىكەت بويىچە 100 نوپۇزلۇق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تارىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

ISSN 1004-3829
02>

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە «مىراس»

# ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەردىن ئوتلۇق سالام !



مۇختار مۇھەممەد
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



ۋاھتجان غوپۇر
(پىروفېسسور)



خۇرسەنئاي مەتمىن
(مۇھەررىر)



نۇرنىسا باقى
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



ئەزىزە تۇيغۇن
( ياردەمچى مۇھەررىر)



مەمەتئېلى ۋاھت
( تارقىتىش خادىمى )

جاپپار مۇھەممەد فوتوسى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2010 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمي 117 ـ سان)


## يىلنىزىمىز

جەمەت شەجەرىسى ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە شەكلى . . . ئەنۋەر سەمەد قورغان (1)

## يورۇق يۇلتۇزلار

تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئايال ئەدىبلەر ......... مۇھەممەدجان توختى (8)

## ئادەت قېرىماس

كېرىيەدىكى ئۆزگىچە بالىلار ئويۇنلىرى ......... نۇرىمانگۈل ئابلىز (12)

ئۇيغۇرلاردىكى «كۆز تەگمىسۇن»، «سۆز تەگمىسۇن» قارىشى ..........
........................ ھۇسەنجان قاسىم (20)

كېرىيەدىكى جۇۋان توي ئادىتى ...................... نۇرنىسا باقى (24)

تاجىكلارنىڭ ئوزۇقلۇق ساقلاش ئۆيى ــ خەمبەك ... ۋارىسجان ئاتاخان (35)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

كۆك چاي مەشرىپى ......... مۇنىرىدىن شەمشىدىن، ئايسىمە ئىدرىس (21)

«دولان مۇقامى» بىلەن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى
توغرىسىدا ......................... تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش (28)

مىراس ھەرىكىتى ............................ ھەبىبۇللا قادىر (46)

«ئوغۇزنامە»نىڭ قازاندىن تېپىلغان يېڭى نۇسخىسى ھەققىدە ..........
............................ فىكرەت تۈركمەن (61)

ئاكادېمىك شەرقشۇناس ئالىم ھېرمان ۋامبېرى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى
............................ مەھمۇد زەيدى (74)




باش مۇھەررىر:
ۋاھىتجان غوپۇر
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
مۇھەررىرلەر:
نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەتىمىن
ئەزىزە تۇيغۇن
جاۋابكار مۇھەررىر:
نۇرنىسا باقى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


### گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

مەسەللەر ......................... توپلىغۇچى: مەنسۇرجان تۇرسۇن (26)

### مىراسلىرىمىز

يېگىسار پىچىقى ۋە ئۇنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى ... ھۈسەيىن ئاۋۇت (37)

### بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

ۋاپا قىلسائى دۆلەت كۆرسەن ................................ (40)

### مەنىۋىيەت يۇلتۇزى

مەشھۇر خەلق داستانچىسى شاھمۇھەممەد ۋاپات بولدى ... ئابلىكىم ئوبۇل (58)

### ئادەم قۇلاقتىن سەمرەر

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ......................... تۈزگۈچى: نۇرنىسا باقى (67)

### كۆلكە ـــ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ......................... مەريەمگۈل قۇربان تەرجىمىسى (77)



تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تېلىۋالدى

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: چاھارباغدا پەرھات ئىبراھىم سىزغان


ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى مەتتوختى بارات، ھۈسەنجان قاسىملار تەمىنلىگەن.


Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园


总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再·吐依贡
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E－mail：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65－1130/I
Print number abroad: ISSN1004－3829
PostCode : 58 － 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# جەمەت شەجەرىسى ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە شەكلى

ئەنۋەر سەمەد قورغان

نەسەبنامە ــــ ئىنسانلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە
ئېتىبار بەرگەنلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى
بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا ئىنسانلار ئۇرۇق ـ تۇغقانچى-
لىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بىر قانچە بوغۇن (ئەۋلاد)
كىشىلەر توپى ھەم ئۇلارنىڭ ئورگانىك گەۋدىسىنى
جەمەت دەپ تونۇپ، جەمەت ئىچىدىكى ئەجداد- ئەۋلاد-
لىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە نەچچە بوغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز-
ئارا مۇناسىۋىتىنى ھەم جەمەت ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسىي ۋە
بىر- بىرىگە ئالاقىدار سەرگۈزەشتىلىرىنى تارىخ تەرزىدە
يېزىپ قالدۇرغان. مانا بۇ بىز بۈگۈن «نەسەبنامە» دەپ
ئاتاۋاتقان جەمەت ياكى ئائىلىنىڭ تارىخىي خاتىرىسىدۇر.
نەسەبنامە ئىچىدە جەمەت ئىچىدىكى ھەرقايسى شەخسلەر-
گە ئائىت بىر قاتار يازما بايانلار بولغاندىن سىرت، تېخى-
مۇ مۇھىمى ئۇنىڭدا جەمەت دائىرىسىدىكى ھەر قايسى
بوغۇنغا تەۋە شەخسلەرنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق مۇناس-
ۋىتىنى روشەن ئىپادە قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىسخېما بار
بولىدۇ. مانا بۇ بىز دەۋاتقان «شەجەرە»دۇر. بۇ ماقالى-
دە جەمەت شەجەرىسىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگو
ۋە چەت ئەللەردە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن ھەر خىل تۈرلى-
رى ھەم جەمەت نەسەبنامىسىدە ئىشلىتىشكە بولىدىغان
شەجەرە ئىسخېملىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى
تەپسىلي تونۇشتۇرۇلىدۇ، شۇنداقلا شەجەرە ئىشلىتىشتە
رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم مەسىلىلەرگە جاۋاب بې-
رىلىدۇ.

**1. شەجەرە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى**

ئائىلە- جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي
قىسمى ــــ شەجەرىدۇر. «شەجەرە» ئەرەب تىلىدىن
ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، مەنىسى «بىر تۈپ
دەرەخ» دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئۇقۇم «شجرەالنسب» (شەجەرە-
تۇن نەسەب ــــ نەسەب دەرىخى) شەكلىدە ئىشلىتىلىپ،
«ئائىلە ياكى جەمەت نەسەبنامىسىدە بايان قىلىنغان
قانداش ئەۋلادلارنى دەرەخ شاخلىرى شەكلىدە كۆرسى-
تىپ بېرىدىغان ئىسخېما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇي-
غۇرلارغا «شەجەرە» ئاتالغۇسى خۇددى «نەسەبنامە»
ئۇقۇمىغا ئوخشاشلا ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نىسبە-
تەن بۇرۇن كىرىپ كەلگەن. ياۋروپا مىللەتلىرىدە ئائىلە
ياكى جەمەت شەجەرىسى « family tree» («ئائىلە دەرى-
خى» مەنىسىدە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز بەزىدە يەنە
«نەسەبنامە» ئىبارىسىگە تەڭداش مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

جەمەت شەجەرىسى بىر جەمەتكە مەنسۇپ كىشىلەر-
نىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدى-
غان ئىسخېما ياكى دىياگرامما بولۇش بىلەن، ئۇ يازما

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



شەكلىدىكى نەسەبنامىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئائىلە شەجەرىسى تۈرغۇزۇش ئەنئەنىگە ئايلانغان. ھازىرقى زامان نەسەبشۇناسلىقىدا شەكلى ھەر خىل، كۆركەم، ھەر قانداق جەمەتنىڭ ئەجدادلىرىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادە قىلالايدىغان تۈرلۈك شەجەرە ئىسخېمىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان ۋە چىقماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئائىلە-جەمەت شەجەرىسىنى ئاپتوماتىك سىزىپ چىقىرىپ بېرىدىغان شەجەرە يۇمشاق دېتاللىرىمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

شەجەرە — نەسەبنامە ئىچىدىكى مۇھىم بىر تەركىب، شۇنداقلا جەمەت ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەجداد-ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ئوبرازلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئىسخېمىدۇر. نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسى بار بولغان مىللەتلەردە نەسەبنامىلەر ئىچىگە مۇتلەق كۆپ ئەھۋالدا شەجەرە قىستۇرۇلغان. بەزى جەمەتلەر ئەجدادلىرى ھەققىدىكى تەپسىلىي ئەھۋاللارنى دەسلەپىدىن باشلاپلا يېزىپ قالدۇرمىغان، بەلكى نوقۇل شەجەرە تۈزۈشكىلا ئېتىبار بەرگەن بولغاچقا، بۇنداق نەسەبنامىلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت شەجەرىلا بار بولۇپ، ھەرقايسى ئەجدادلار ھەققىدىكى تەپسىلىي خاتىرە يوقتۇر. مەيلى قانداق بولسۇن، شەجەرە نەسەبنامە ئىچىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر مەزمۇندۇر.

خەلقئارا نەسەبشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىدە جەمەت شەجەرىسىدىكى شەخسلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان بىر قاتار سىمۋوللۇق بەلگىلەر قېلىپلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شۇ بويىچە، ئەر جىنسلىق كىشىلەر ئۇچۇن كىۋادرات شەكلى، ئايال جىنسلىق كىشىلەر ئۇچۇن چەمبەر شەكلى تاللاپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۇنىڭدا يەنە بىر تۈز سىزىق قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەشكە، ئىككى پاراللېل سىزىقچە (تەڭلىك بەلگىسى) نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. بوغۇن پەرقى بولسا پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

تۆۋەندە نەسەبنامە ۋە شەجەرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم شەرتلىك بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى قىسقىچە ئىزاھلايمىز.

□ بۇ بەلگە جەمەت ئىچىدىكى ئەر جىنسلىق شەخسلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

△ بۇ بەلگە جىنسى نامەلۇم بولغان شەخسلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

○ بۇ بەلگە جەمەت ئىچىدىكى ئايال جىنسلىق شەخسلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

——— بۇ بەلگە بىر-بىرى بىلەن توي قىلغان ئەر-ئاياللارنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

- - - - - بۇ بەلگە قىسقا مەزگىل نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، پەرزەنتلىك بولمايلا ئاجرىشىپ كەتكەن ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

| بۇ بەلگە ئاتا-ئانا بولغۇچىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

〈 بۇ بەلگە ئەر-خوتۇنلار بىلەن نىكاھسىز تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

¦ بۇ بەلگە بىر كىشى (ياكى بىر جۈپ ئەر - خوتۇن) بىلەن ئۇلار بېقىۋالغان پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

■ بۇ بەلگە پەرزەنتلىك بولماي ئۆلۈپ كەتكەن ئەر جىنسلىق ئەجدادنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

● بۇ بەلگە پەرزەنتلىك بولماي ئۆلۈپ كەتكەن ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛



بۇ ئىككى بەلگە ئەۋلاد قالدۇرمايلا ئۆلۈپ كەتكەن ئەر جىنسلىق ئەجدادنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ناۋادا ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىكى يېشى يېزىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئىككىنچى بەلگە ئىشلىتىلىپ، ئوتتۇرىسىغا يېشى يېزىلىدۇ.



بۇ ئىككى بەلگە ئەۋلاد قالدۇرمايلا ئۆلۈپ كەتكەن ئايال جىنسلىق ئەجدادنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ناۋادا ئۆلۈپ كەتكۈچـ

نىلىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىكى يېشى يېزىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئىككىنچى بەلگە ئىشلىتىلىپ ئوتتۇرىسىغا يېشى يېزىلىدۇ.



بۇ بەلگە قورساقتىن چۈشۈپ كەتكەن پەرزەنتلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛
بۇ بەلگە تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن پەرزەنتلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛




بۇنىڭدىكى ئەر بىلەن خوتۇننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان سىزىقنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەن سىزىقچە بۇ ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئايرىلىپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. سىزىقچىنىڭ يېنىغا ئۇلار ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقىتنى سان بىلەن قىستۇرۇپ قويۇشقا بولىدۇ.




بۇ بەلگە ئاجرىشىپ كەتكەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئەر ۋە خوتۇن ئىككى كىشىنى تۇتاشتۇرىدىغان سىزىقنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان سانلار ئۇلارنىڭ ئاجراشقان چاغدىكى يېشىنى بىلدۈرىدۇ.



بۇ بەلگە نىكاھسىز بىللە تۇرغان ئەر ۋە ئايالنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛



بۇ بەلگە قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلارنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛



بۇ بەلگە بىر جىنستىن بولمىغان قوشكېزەك پەرزەنتلەرنى كۆرسىتىشكە ئىلتىلىدۇ؛



بۇ بەلگە قوشكېزەك ئاچا-سىڭىللارنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛



بۇ بەلگە ئۆزئارا نىكاھلانغان ئەر - خوتۇنلار (ئىسخېمىدىن بۇ ئەر ۋە خوتۇننىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدەك مەنا بىلدۈرۈلگەن) دىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇش تەرتىپىنى كۆرستىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاستىنقى چەمبەر شەكلى تۇنجى تۇغۇلغان قىز پەرزەنتكە، سول تەرەپتىكى ئۈچ كاتەكچە بولسا ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىم تۇغۇلغان ئوغۇل پەرزەنتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، يېزىقنىڭ يېزىلىش يۆنىلىشى سولدىن باشلىنىدىغان مىللەتلەردە يۆنىلىش يۇقىرىقىنىڭ تەتۈرسىچە بولىدۇ.




يۇقىرىقى ئىسخېمىدىن ئىگىلىگەن چۈشەنچە ئاساسىدا، تۆۋەندىكى ئىسخېمىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن قىياس قىلىنسا بولىدۇ. بۇنىڭدا كاتەكچە ياكى چەمبەرلەرنىڭ يېنىغا ياكى ئاستىغا يېزىلغان ۋاقىتلار شۇ شەخسلەر تۇغۇلغان يىلنى كۆرستىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىسخېمىدىكى مۇناسىپ جايلارغا نىكاھلانغان ۋاقىتلار، شەخسلەر ۋاپات بولغان ۋاقىتلار (ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ۋاپات بولغاندىكى ياش سانى كاتەكچە ياكى چەمبەر ئىچىگە يېزىلىدۇ)نى ئىسخېمىغا كىرگۈزۈۋېتىشكە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com






يۇقىرىقى شەرتلىك بەلگىلەرنى شەجەرىدە شەخسلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق ئىشلىتىش شەجەرىچىلىكنى ئىلمىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن پايدىسى كۆپ ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جەمەت شەجەرىسىنىڭ خىلمۇخىل شەكلى بار. شەجەرىنىڭ شەكىللىرى نوقۇل شەكىل گۈزەللىكى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى شۇ شەجەرە ئىسخېمىلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئەجداد - ئەۋلادلىق مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇ بويىچە:

1. شەجەرە ئىسخېمىسىدا يۆنىلىشنىڭ قانداق بولۇشىغا ئاساسەن مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) توغرا (گورىزونتال) يۆنىلىشلىك شەجەرە: بۇنداق شەجەرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەجداد - ئەۋلادلىق تەرتىپى ئوڭدىن سولغا توغرا يۆنىلىشتە تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ (دىققەت: يېزىقنىڭ يېزىلىش يۆنىلىشى سولدىن ئوڭغا بولىدىغان مىللەتلەردە يۆنىلىش يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە توغرا يۆنىلىشلىك شەجەرە ئىسخېمىسىغا تەۋە بولىدۇ). بۇنداق شەجەرىدە ھەر بىر شەخسنىڭ ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا شۇ شەخسلەرنىڭ ھاياتىي خاتىرىسى (تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى)، لەقىمى، تەخەللۇسى، ئۇنۋانى، جۈرىسىنىڭ نامى، قەبرىگاھى قاتارلىقلار قىستۇرۇلسىمۇ بولىدۇ.

(2) تىك (ۋېرتىكال) يۆنىلىشلىك شەجەرە: بۇنداق شەجەرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەجداد - ئەۋلادلىق تەرتىپى تىك يۆنىلىشتە ئەجدادنىڭ ئاستىغا ئەۋلادلار تىزىلىدۇ. ھەممىسى تىك يۆنىلىشلىك كېسىشمە سىزىقلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئىسخېما شەكلى ئوخشاشلا ئوڭدىن سولغا تىزىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى جەمەت مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش تەكىتلىنىدۇ.

2. شەجەرىنىڭ دەسلەپكى ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ، شەجەرىنى ئەجداد شەجەرىسى، ئەۋلاد شەجەرىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئەجداد شەجەرىسى: بۇ (بايقالغان) دەسلەپكى ئەجدادنى شەجەرىدىكى نەسەپ زەنجىرىنىڭ مەنبەسى قىلىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بارلىق پەرزەنتلەر شەجەرە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان شەكىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا دەسلەپكى ئەجدادتىن قانچىلىك پەرزەنت ئاپىرىدە بولغان بولسا، شۇلارنىڭ ھەممىسى شەجەرە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا يەنە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىرى، دەسلەپكى ئەجدادتىن تۇغۇلغان ھەممە پەرزەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى شەجەرىگە تىزىلسا، بۇ ئۇلۇچەملىك ئەجداد شەجەرىسى بولىدۇ. يەنە بىرى، ناۋادا دەسلەپكى ئەجدادنىڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلاد كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئەۋلادلىرىلا تىزىلىپ، باشقا ئەۋلادلار، جۈملىدىن ئاخىرقى بىر ئەۋلاد كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان باشقا كىشىلەر، يەنى تاغا ۋە ھاممىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى شەجەرىگە تىزىلمىسا، ئۇنداقتا بۇنداق شەجەرە بىۋاستە ئەجداد شەجەرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) ئەۋلاد شەجەرىسى: بۇ مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى (يەنى ئاتىسى، ئانىسى، ئاتىسىنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى، ئانىسىنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى ...) تىزىپ كۆرسىتىلگەن شەجەرىنى كۆرسىتىدۇ.

(3) ئەجداد - ئەۋلاد شەجەرىسى: بۇ جەھەتتىكى مەلۇم بىر بوغۇندىكى ئەجداد (جۈملىدىن بىر جۈپ ئەر - خوتۇن) نى نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئەجدادلىرى كۆرسىتىلىدىغان شەجەرە بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدىغان شەجەرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلىدىغان شەجەرە ئىسخېمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

3. شەجەرىدە مەلۇم بىر كىشىنىڭ يالغۇز ئاتا تەرەپ ئەجدادلىرىلا تىزىپ كۆرسىتىلىشى ياكى ئاتا بىلەن ئانا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تىزىپ كۆرسىتىلىشىگە ئاساسەن، شەجەرىنى تاق يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى ۋە قوش يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) تاق يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى: تاق يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى يەنە ئۆز ئىچىدىن ئاتا تەرەپ ئەجدادلىرىنىڭ شەجەرىسى ۋە ئانا تەرەپ ئەجدادلىرىنىڭ شەجەرىسى دەپ پەرقلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى شەجەرىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئاتىلىق ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىدىكى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئەنئەنىۋى شەجەرىلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا بىر جەمەتتىكى ئەر جىنسلىق ئەجدادلارلا تىزىپ كۆرسىتىلگەن. بۇلار مەزكۇر شەجەرە ئىسخېمىسىغا تەۋەدۇر. شەجەرىنىڭ يەنە بىر خىلىدا بىر جەمەتنىڭ ئانا تەرەپ ئەجدادلىرى تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما بۇنداق شەجەرىدە يەنە مەلۇم جەمەتنىڭ ئانا تەرەپ ئەجدادلىرى ئىچىدىكى ئايال جىنسلىق ئەجدادلار تىزىپ كۆرسىتىلەمدۇ-يوق، دېگەن مەسىلىمۇ مەۋجۇت، ئەلۋەتتە. بۇ شەجەرە تۈزگۈچىلەرنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) قوش يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى: قوش يۆنىلىشلىك ئەجداد شەجەرىسى بولسا نۆۋەتتىكى بىر كىشىنىڭ ئاتا تەرەپتىكى بارلىق ئەجدادلىرى ۋە ئانا تەرەپتىكى بارلىق ئەجدادلىرى تىزىپ كۆرسىتىلىدىغان شەجەرە ئىسخېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئاتا تەرەپتىكى ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنى ۋە ئانا تەرەپتىكى ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنى شەجەرىدە كۆرسىتىش يەنە ئىككى خىل ئىش بولۇپ سانىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى كۆپىنچە ئارىلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر شەجەرە ئىسخېمىسىدا ئەجداد باشلانما قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بارلىق ئەۋلادلار (يەنى تارماق ئائىلىلەر) شەجەرىدە تىزىپ كۆرسىتىلىشى، ئۇلار ئىچىدە ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنىمۇ كۆرسەتكىلى بولۇشى مۇمكىن. يەنە مەلۇم شەجەرىلەردە مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ ئاتا ۋە ئانا تەرەپ ئەجدادلىرى ئىچىدىكى بارلىق ئەر جىنسلىق ۋە ئايال جىنسلىق ئەجدادلارنىڭ ھەممىسىلا تىزىپ كۆرسىتىلىشى مۇمكىن. شەجەرىلەردە مەلۇم بولغان دەسلەپكى ئەر جىنسلىق ئەجدادتىن تۆرەلگەن بارلىق ئەر جىنسلىق ئەجدادلارلا تىزىپ كۆرسىتىلىشى ياكى بارلىق ئەر ھەم ئايال جىنسلىق ئەجدادلار تىزىپ كۆرسىتىلىشى مۇمكىن. كىشىلەر ئۆز جەمەتلىرىنىڭ تارىخىدىن بايقالغان ئەجدادلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى ئەر جىنسلىق ئەجدادلارنىلا شەجەرىگە كىرگۈزۈشنى زۆرۈرىيەت ۋە مۇمكىنىيەتكە قاراپ تاللىۋالىدۇ.

4. ئەجداد شەجەرىسىنى ئۇنىڭدا تىزىلىدىغان ئەجدادلارنىڭ سانى ۋە شەخس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن بىۋاسىتە ئەجداد شەجەرىسى ۋە مۇرەككەپ ئەجداد شەجەرىسى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) بىۋاسىتە ئەجداد شەجەرىسى: بۇ بىر كىشىنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدىغان شەجەرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئۆز ئىچىدىن يەنە (A) ئاتا تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) نىلا تىزىپ كۆرسىتىدىغان شەجەرە؛ (B)ئاتا تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) بىلەن موملار (ئايال جىنسلىق ئەجدادلار) بىللە تىزىلىدىغان شەجەرە ئىسخېمىسى؛ (C) ئانا تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) نىلا تىزىپ كۆرسىتىدىغان شەجەرە؛ (D) ئانا تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) ۋە موملار (ئايال جىنسلىق ئەجدادلار) بىللە تىزىلىدىغان شەجەرە ئىسخېمىسى؛ (E) ئاتا ۋە ئانا ئىككى تەرەپتىكى بارلىق بوۋىلار (ئەر ئەجدادلار) ۋە موملار (ئايال ئەجدادلار) تىزىلىدىغان شەجەرە ئىسخېمىسى دەپ بەش تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

(2) مۇرەككەپ ئەجداد شەجەرىسى: مۇرەككەپ ئەجداد شەجەرىسى بىر كىشىنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى بولغان بوۋىلار ۋە موملاردىن سىرت يەنە ئۇلارنىڭ قېرىنداش ۋە ھەمشىرەلىرى (يەنى ئەجداد تاغىلار ۋە ئەجداد ھاممىلار ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى) تىزىپ كۆرسىتىلىدىغان شەجەرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ خىل شەجەرە ئاز ئىشلىنىدۇ.

5. شەجەرە ئىسخېمىلىرىنىڭ كۆرۈنۈش شەكلىگە ئاساسەن شەجەرىلەرنى يەنە قۇياش شەكىللىك شەجەرە

uyghurkitap.com



ئىسخېمىسى (ئەۋلاد شەجەرىسى) ، ئاي شەكىللىك شەجەرە ئىسخېمىسى (ئەۋلاد شەجەرىسى)، دەرەخ شەكىللىك شەجەرە ئىسخېمىسى (ئەجداد ھەم ئەۋلاد شەجەرىسى)، مۇنار (ياكى ئەپكەش) شەكىللىك شەجەرە ئىسخېمىسى (ئەۋلاد شەجەرىسى) ۋە يېرىم چەمبەر شەكىللىك شەجەرە ئىسخېمىسى (ئەجداد ـ ئەۋلاد شەجەرىسى) دەپ بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

6. شەجەرە ئىسخېمىلىرىنىڭ بېزەكلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا ئاساسەن، شەجەرە ئىسخېمىلىرىنى سىدام شەجەرە ۋە بېزەكلىك (گۈللۈك ياكى نەقىشلىك) شەجەرە دەپ ئايرىش مۇمكىن.

7. شەجەرە ئىسخېمىلىرىنىڭ رەڭلىك ۋە رەڭسىزلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنى رەڭسىز (ئاق ـ قارا ) شەجەرە، رەڭلىك شەجەرە دەپ بۆلۈش مۇمكىن.

8. شەجەرە ئىسخېمىلىرىغا سۈرەتلەرنىڭ (جۈملىدىن ئادەم سۈرەتلىرىنىڭ) قىستۇرۇلۇش ـ قىستۇرۇلماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنى سۈرەتسىز شەجەرە ۋە سۈرەتلىك شەجەرە دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

9. شەجەرىدە شەخسلەرنىڭ ئىسمىلا تىزىلىشى ياكى باشقا بەزى تەپسىلاتلارنىڭمۇ يېزىلىش ـ يېزىلماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنى يەنە شەخسلەرنىڭ نوقۇل ئىسمى (ۋە ئاتىسىنىڭ ئىسمى)لا يېزىلىدىغان شەجەرە ئىسخېمىسى ھەم شەخسلەرنىڭ ئىسمى بىلەن بىللە يەنە شەخسنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، تۇغۇلغان ئورنى، ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە ئورنى ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى مەلۇماتلارمۇ يېزىلىدىغان شەجەرە ئىسخېمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**2. شەجەرە ئىسخېمىسىدىن ئۆرنەكلەر**

شەجەرە سىزىش قارىماققا بىر قاتار سىزىقلار بىلەن ئەجدادلارنىڭ ئىسىملىرىنى تۇتاشتۇرۇپ قويسىلا بولىدىغان ئاددىي ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، ھەر بىر جەمەتتىكى ئەجدادلارنىڭ سانى، جۈملىدىن ھەر بىر ئەۋلادتىكى شەخسلەرنىڭ سانى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەجەرە جەزمەن ئاددىي سىزىقلار بىلەن سىزىلسا بولۇۋېرىدىغان ئىسخېما بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئاددىي ئىش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىر جەمەتنىڭ مۇكەممەل شەجەرىسىنى سىزىپ چىقىشتا، ئۇنى بىراقلا سىزىپ پۈتتۈرگىلى بولۇشى ناتايىن. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشنى ئاددىي دىياگراممىلارنى سىزىشتىن باشلاپ، تەدرىجىي مۇرەككەپلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شەجەرە سىزىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن شەجەرىدە ئىشلىتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئەجداد ـ ئەۋلادلىق رېتى بويىچە ئۈچ بوغۇنلۇق ئەجداد شەجەرىسىگە تولدۇرۇش لازىم. ئەمما ئېنىقلانغان ئەجدادلار كۆپ بولسا، ئۇنداقتا ھەر بىر ئۈچ ئەۋلاد كىشى (يەنى بىر چوڭ ئائىلە) لەرنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ شەجەرە تۈزۈۋېلىپ، ئاندىن مۇشۇنداق تارماق ئائىلىلەرنىڭ شەجەرىسىنى بىرلەشتۈرسە بولىدۇ.

ھازىرقى دەۋردە كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، غەربتە مەخسۇس شەجەرە سىزىدىغان يۇمشاق دېتاللار بارلىققا كەلگەن. شەجەرە يۇمشاق دېتالى نەسەب ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلەيدىغان، تۈرگە ئايرىپ ئاپتوماتىك رەۋىشتە شەجەرە ئىسخېمىسى تۈزىدىغان ھەم ئۇنى ئېلان قىلىدىغان يۇمشاق دېتالدۇر. نەسەبنامە يۇمشاق دېتاللىرى شەخسلەرنىڭ تۇغۇلغان، توي قىلغان، ۋاپات بولغان ... ۋاقىتلىرى، ئۇلارنىڭ جۈرلىرى ۋە پەرزەنتلىرى ھەمدە نەچچە بوغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى پايدىلانغىلى ھەم كۆرگىلى بولىدىغان يازما ۋە رەسىملىك ھۆججەت شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. شەجەرە يۇمشاق دېتاللىرى ھەر خىل شەجەرە ئىسخېمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ ھەمدە شەجەرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلالايدۇ. ھازىر دۇنيادا كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان داڭلىق شەجەرە يۇمشاق دېتاللىرىدىن Roots Magic، Legacy Family Tree، GenoPro، The Master Genealogist، Geneotree، Genbox Family History، Family Tree Maker، Smart Draw قاتارلىقلار بار. نۆۋەتتە شەجەرە ئىسخېمىلىرىنى سىزىدىغان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى كومپيۇتېر دېتاللىرى يوق بولۇپ، بۇنداق يۇمشاق دېتاللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ شەجەرىچىلىك ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەھمىيىتى چوڭ خىزمەت بولۇپ قالغۇسى.

نۆۋەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر قانچە شەجەرە ئىسخېمىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

1. دەرەخ شەكىللىك شەجەرە ئۈسخىمىسى

دەرەخ شەكىللىك شەجەرە ئۈسخىمىسى ئەڭ دەسلەپتە قوللىنىلغان ۋە ئەسلىي مەنىسى بويىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئۈسخىمىسى بولۇپ، ئۇ ئەۋلاد شەجەرىسىگە تەۋەدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا بىر ئەجدادتىن تۆرەلگەن بارلىق ئەۋلادلار تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادتىن ئەۋلادلارنىڭ شاخلىنىپ چىقىشىنى بىر ئۇرۇق ياكى يىلتىزدىن بىر تۈپ دەرەخنىڭ شاخچىلاپ، يوپۇرماقلاپ كۆكلىشىگە، زورىيىپ بېرىشىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئائىلە شەجەرىسى تۈرغۇزۇشتا دەرەخ شەكلىنى تەدبىق قىلىشقا بولىدۇ. دەرەخ شەكىللىك ئائىلە شەجەرىسىنىڭ ئۈسخىمىسى تۆۋەندىكىچە:

دەرەخ شەكىللىك شەجەرە ئۈسخىمىسىنى يەنە




ئەجداد شەجەرىسى تەرزىدە تۈزۈشمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدا نۆۋەتتىكى پەرزەنت دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شاخ ۋە يوپۇرماقلار ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ ئاتا ۋە ئانا تەرەپتىكى بىۋاستە ئەجدادلىرى تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئەجدادلىرى 2، 4، 8، 16 ... تەرتىپىدە كۆپىيىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، شاخ ۋە يوپۇرماقلار سىممېترىك ھالەتتە شەجەرىگە ئورۇنلىشىدۇ. خۇددى تۆۋەندىكىدەك:

دەرەخ شەكىللىك شەجەرە ئۈسخىمىسى سەنئەتلىك، كۆرۈنۈشى چىرايلىق ھەم ئوبرازلىق بولۇپ، ئۇ ئوبدان لايىھەلەنسە، بىر جەمەت ئىچىدىكى (شەجەرە تۈزگۈچى شەجەرىگە كىرگۈزۈشتە ئويلىغان) نۇرغۇن ئەزالارنى ئۇنىڭغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ئەمما شەجەرىدە تىزىلىدىغان ئەۋلاد بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، دەرەخنىڭ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرىنى بەك كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. دەرەخ كېلەڭسىز بولۇپ قالىدۇ، لايىھەلەشمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ. دەرەخ شەكىللىك شەجەرە ئۈسخىمىسىنى سىزىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار شۇكى: بېكىتىلگەن دەسلەپكى ئەجداد دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر دەرەخنىڭ غول شاخلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇ بويىچە بولغاندا دەسلەپكى ئەجدادنىڭ قانچە پەرزەنتى بولسا ياكى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن قانچىلىك كىشى بايقالغان بولسا، دەرەخنىڭ غول شېخىمۇ شۇنچە قىلىپ سىزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى يەنە تارماق شاخلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلسا بولىدۇ. مۇشۇنداق تەرزدە شاخلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادلار (نۆۋەتتە ياشاۋاتقان ئاخىرقى بوغۇن)نى يوپۇرماق شەكىللىرىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. دەرەخ شاخلىرىنى ئەۋلاد سانىغا قاراپ تەڭشىگەندىن باشقا، ھەر بىر بوغۇننىڭ پەرقىنى «بوغۇن چېگرا سىزىقى» ئارقىلىق ياكى ئوخشىمىغان رەڭلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە شەكىل تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)

MIRAS

---

پايدىلانمىلار:

1. ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا فامىلە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە؛

2. ئېرنېست L، چۇسكى: «ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئانالىزى قوللانمىسى»، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېت نەشرىياتى، 1983 - يىلى 2 - نەشرى، ئىنگلىزچە؛

3. دونالد دىنىس: «ئىختىيارىي ۋە كەسپىي نەسەبشۇناسلىق»، نەسەبشۇناسلىق نەشرىياتى، ئامېرىكا، 1968 - يىلى، ئىنگلىزچە نەشرى؛

4. www.genealogy.about.com تورى؛

5. http://www. cyudislist. com تورى؛

6. http:// www. misbach.org تورى؛

7. www. freefamilytreecharts. com تورى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئايال ئەدىبلەر



مۇھەممەدجان توختى

ئاياللار دۇنيانىڭ كۈلكىسى، نۇر ـ زىياسى. ئاياللارسىز جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قورقۇنچلۇق، ئاياللارسىز بەختمۇ تېگى يوق ئازاب. ئاياللار مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى تونۇپ ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، قەيسەر ئىرادىسى، جاپالىق تىرىشچانلىقى، ئىنگىمەس ـ سۇنماس روھىغا تايىنىپ تىللاردا داستان بولغۇدەك شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. گەرچە تارىختا سىياسىي، دىن، ئەخلاق، ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىق بەزىبىر ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، نۇرغۇن ئاياللار ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تولۇق نامايان قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىنچى-



دىكى بىر قىسىم ئاياللار بۇ تەقدىرگە تەن بەرمەي ھەر
خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى
نامايان قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللار ئە-
دەبىياتىنىڭ شانلىق نۇرىنى بۇگۈنگىچە يەتكۈزۈشتە كۆۋ-
رۈكلۈك رول ئوينىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىرغىچە
بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

**ئامانىساخان** (1534ـ 1567): يەركەن خانلىقى
دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق مۇقامشۇناس

ئۇ 1534ـ يىلى يەركەنگە تەۋە تىزناپ دەرياسى بو-
يىدىكى قومۇش مەھەللە يېزىسىدا نامرات ئائىلىدە دۇنيا-
غا كەلگەن، ئامانىساخانىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە
ئائىت ئۇچۇرلار موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا
مۆجىزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە خا-
تىرىلەنگەن.

ئامانىساخان 13 يېشىدا ئابدۇرېشىتخان ئوردىسىغا
كەلگەندىن كېيىن 20 يىللىق ئوردا ھاياتىدا فېئوداللىق
نەسەپ قارىشىنىڭ چەكلىمىسى، جاھالەتچى سوپى - ئىشان-
لارنىڭ تەقىپ قىلىشلىرىغا قارىماستىن ئۇيغۇر «ئون
ئىككى مۇقام»نىڭ سىستېمىلىشىشى، مۇكەممەللىشىشى
ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۇ يەنە خانىم -قىز-
لارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدىكى «ئەخلاق جەمىلە-
يە»، «شۇرۇھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر كېڭىشى) «دىۋان نەپ-
سە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. «ئىشرەت ئەنگىز»،
(خۇشاللىق قوزغاش) دېگەن كۈيىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ،
1567ـيىلى تۇغۇت سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

**ئاخۇن ئاغچا:** 19ـئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خو-
تەندە ياشاپ ئۆتكەن شائىر. ئۇ 1860ـ يىلى خوتەن
تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس — ئابدۇراخمانخان
غوجام (1833ـ 1863)نىڭ ئانىسى بولۇپ ئۇ ئوغلى
ئابدۇراخمانخان غوجام قۇربان بولغاندا ئۇنىڭ قەھرى-
مانلىقىنى مەدھىيىلەپ ۋە زامان كۈلپەتلىرىدىن زارلىنىپ
نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان. تەخمىنەن 18ـ، 19ـ ئە-
سىرلەردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى
خوتەندىن تېپىلغان. (باياز)غا شائىرنىڭ بەزى ئەسەرلە-
رى كىرگۈزۈلگەن.

**ئەنبەر ئاتىن** (1870 ـ 1915): شائىرە ئەنبەرئاتىن
دىلشاد بەرنانىڭ شاگىرتى. ئۇ ئۆزىنىڭ 45 يىللىق ھاياتى-
دا خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ ئاسىيا يېقىنقى
زامان دېموكراتىك شائىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېقىمىغا زىچ
ماسلاشقان رېيالىستىك شائىرە ئىدى. ئۇ قوقەن خانلىقى
تەۋەسىدە ياشىغان.

**بۈۋى زەينەپ:** 1660 ـ يىللاردا يەركەن شەھرىدە
تۇغۇلغان. ئۇ ئىسمائىلخاننىڭ قىزى بولۇپ ئۆسمۈرلۈك
دەۋرىدە يەركەندىكى يېشىل مەدرىستە ئوقۇغان. 1678ـ
يىلى ئاپپاق غوجا يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ ھاكى-
مىيەت ئىگىلىگەن مەزگىلدە ئىسمائىل خاننى جەمەتى
بىلەن ئىلىغا يالاپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي 18
ياشلىق شائىرەنى قايىنتىلغان ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەت-
كەن ھەمدە ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

**سۇلئى سۇما:** سۇلئى سۇما مىلادى 4ـئەسىردە
ياشاپ ئۆتكەن تۇنجى ئايال بۇددا مۇتەپەككۇرى ۋە
ئۇستا ناتىق. ئۇ يەركەن خانىنىڭ كىچىك قىزى بولۇپ،
ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە ئاچىسى سۇلئى باتۇر باشلىق خان جە-
مەتلىرى خۇددى قەشقەر، خوتەن خانلىقلىرىغا ئوخشاشلا
بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا (ئۇلۇغ كۆلۈنگۈ) مەزھىپىگە ئېتى-
قاد قىلاتتى. سۇلئى سۇما كىچىكىدىنلا ماھايانا مەزھىپى
ئەقىدىلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈش، بايان

قىلىش ۋە شەرھلەشتىكى ئىقتىدارى بىلەن ماھايانا مەزھە-
پىدىكى يەركەن بۇددىستلىرى ئارىسىدا يۇقىرى شۆھرەت
قازىنىدۇ.

357 ـ يىلى كومىراجىۋا كەشمىردىن كۇچاغا قايتىش
سەپىرىدە يەركەن شەھىرىگە كېلىپ سۇلئى سۇما بىلەن
تونۇشىدۇ. نەتىجىدە بۇددا دىنىدىكى ھىنايانا مەزھىپىنىڭ
بۇ داڭدار ياش مۇرتى ـــ سۇلئى سۇمانىڭ تەسىرىگە بې-
رىلىپ، ماھايانا مەزھىپى ھىنايانا مەزھىپىدىن پەرقلىق
ھالدا تەركىدۇنيالىقنى راۋا كۆرمەي روھىي ئۇمىدۋارلىق
نامايەندىلىرىگە تەۋادارچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.
سۇلئى سۇما كومىراجىۋاغا ئۇستاز بولغان بىر يىل جەريا-
نىدا ئۇنىڭغا ماھايانا مەزھىپى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ
ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى، ئۇستا
ناتىق سۇلھى سۇمانىڭ تەسىرىدە ماھايانا مەزھىپىگە
بولغان كومىراجىۋا، سۇلئى سۇمانى ماھايانا مەزھىپىنىڭ
پېشۋالىرى ناگار جۇنا ۋە ئارياد ئۋادىن كېيىنكى ئۇستاز
دەپ قەدىرلەيدۇ.

**زىبۇننىسا شائىرە:** زىبۇننىسا شىمالىي ھىندىستاندا
1526ـ يىلى قۇرۇلغان «بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى»
نىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىسى بابۇر مىرزىنىڭ چەۋرىسى
ئەبۇ زەپەر مۇھەددىن ئەۋرەڭ زەبى ئالەمگىرنىڭ
قىزى بولۇپ، مىلادى 1639 ـ يىلى (ھىجرىيە 1048ـ
يىلى) دېھلىدا دۇنياغا كەلگەن. شۇ زامانىنىڭ مەشھۇر
ئالىملىرىدىن دەرس ئېلىپ، زەبەردەست شائىرە،
ئالىم، سازەندە بولۇپ يېتىشكەن... شاھ قىزى زىبۇن-
نىسا تەڭداشسىز گۈزەل لاتاپىتى، يۈكسەك ئەخلاق ـ
پەزىلىتى بىلەن يەتمىش يىللىق ئۆمرىنى (1709 ـ يىلى-
غا قەدەر) ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە يالغۇزچىلىقتا ئۆتكۈز-
گەن بولۇپ، «زىبۇننىسا» تەخەللۇسى (گۈزەللەرنىڭ
گۈزىلى، چىرايلىق دېگەن مەنىدە) بىلەن ئەرەب ـ
پارس تىلىدىكى سانسىز غەزەل ـ رۇبائىيلارنى رويابقا
چىقارغان. بىر قىسىم غەزەللىرى 1940 ـ يىلى 7 ـ
ئايدا تاجىكىستان دۆلەت نەشرىياتى تەرىپىدىن «مەج-
مۇئەيى شېرھا» نامى بىلەن نەشر قىلىنغان بولسىمۇ
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بۇ مۇھىم نامايەندى-
نىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ئاساسەن
يېتىپ كېلەلمىدى...» زىبۇننىسا مۇتەئەسسىپ شاھ ئاتى-
سىنىڭ تەقىبى ئاستىدا بىر ئۆمۈر ئوردا ئىچكىرىسىدى-
كى مەخسۇس ئۆيگە بەنت قىلىنىپ، «كىتابنى ئەر،
كىتابنى بەخت، كىتابنى جەننەت» ھېسابلاپ ئۆتۈپ
كەتكەن بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىگە
قارشى ئاۋام خەلقنىڭ قايغۇسى، قىز ـ ئاياللارنىڭ
ئەركىنلىككە ئىنتىلىش روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىس-
يانكار نەزمىلەرنى يېزىش ئارقىلىق كىشىلىك قەدىر-قىم-
مىتىنى تارىخ بېتىدە تولۇق جارى قىلدۇرغان.

**نۇزۇگۇم** (1808ـ 1827): ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماھىر
قوشاقچىسى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى چولپانگۈل بولۇپ،
قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. موللا بىلال نازىمنىڭ
شېئىرىي تەسۋىرىگە قارىغاندا، ئۇ ئوقۇغان، بىلىملىك
قىز بولۇپ، بۇغداي ئۆڭ، قارا كۆز، قاراقاشلىق،
نازۇك بەدەن بولغاچقا، قەشقەر خەلقى ئۇنى نۇزۇگۇم
دەپ ئاتىغان.

نۇزۇگۇم 1826ـ يىلىدىكى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى
خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاند
ىدىن كېيىن، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئىلىدا چىڭ سۇلالە-
سى يەرلىك ئەمەلدارى ئۇنى مەجبۇرلاپ خوتۇنلۇققا ئال-
ماقچى بولغاندا، نۇزۇگۇم توي كېچىسى بۇ ئەمەلدارنى
ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن. قومۇشلۇقتا ئالتە ئاي يوشۇ-
رۇنۇپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالغان. ئۇ زىنداندا ئۈچ ئاي سولانغاندىن كېيىن، قىلىچ
بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

نۇزۇگۇم ئۆزىنىڭ ئازاب ـئوقۇبەتلىرى، قايغۇسى،
مۇھەببەت ـ نەپرىتى ۋە ئارزۇ ـ ئۇمىدلىرىنى ئىپادىلەپ
نۇرغۇن قوشاق توقۇغان. خەلق ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى تا
بۈگۈنگىچە ئوقۇپ كەلمەكتە.

**مايىمخان** (1812 ـ 1830): غۇلجا شەھىرىنىڭ شە-
مالىدىكى دادامتۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
ئۇ ئەقىللىق، ناخشىخۇمار، قوشاقچى قىز ئىدى. ئۇ زالىم
ۋە ئەكسىيەتچىل ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇملى-
رىنى پاش قىلىدىغان نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان ھەم
ئاۋام يىغىلغان سورۇنلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتقان. خەلق
مايىمخاننىڭ قوشاقلىرىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمىگەن. زالىم
يۈز بېشى ھامۇت بەگ بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى ۋەھشىيلەرچە
قىيناپ سوراق قىلغان. ئەمما، مايىمخان پىسەنتمۇ
قىلماي، زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى قوشاقلارنى توختاتما-
غان. ئۇ ياۋلۇغا سولىنىپ، بىر يىلدىن كېيىن 1830ـ يىلى

قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**شىياۋ گۇەنيىن** (1039 ـ 1075): قىتان خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرەدۇر. ئۇنىڭ دادىسى شىياۋخۇي (ئۇيغۇرچە ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن) قىتان خانلىقىدا ۋەزىر بولغان. شىياۋ گۇەنيىن قىتان ئوردىسىدا خانىش بولغان. ئۇ بەرباپ چېلىش ۋە شېئىرىيەتتە داڭق چىقارغان بولۇپ، خېلى شېئىرلارنى خەنزۇچە يازغان. شائىرەنىڭ «قەلب ھويلىسىغا قايتىش»، «ئۆتمۈشنى ئەسلەش»، «نامدىن جۇدا بولۇش» قاتارلىق ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان.

**شى لەنلەن باقشى** (؟؟ـ 1332): يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر خەتتات ۋە شائىرەدۇر. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قوچۇلۇق بولۇپ، يۈەن دەۋرى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. شى لەنلەن خەنزۇ تىل يېزىقىدىكى «لىگيەن سۇترىسى»، «ئالتۇن يارۇغ»، تىبەت يېزىقىدىكى «پىراجناغا ئوقۇلغان 8000 مەدھىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ چىققان.

**گۇەن يۈنشى قىزى**: 14ـ ئەسىر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن. بۇ ئۇيغۇر شائىرەنىڭ ئۆز ئىسمى نامەلۇم، ئۇنىڭ دادىسى گۇەن يۈنشى (كۆن سەۋىنچ) خەنزۇ ئەدەبىي ئوۋىياڭ سۈەن يازغان «گۇەن يۈنشى ھەزرەتلىرىنىڭ يادنامىسى» ئەسىرىدە: «گۇەن يۈنشىنىڭ بىر لا قىزى بولۇپ، ئۇ بىلىملىك، ماقالە ـ ئەسەر يازالايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

**مۇتربىيە**: 18 ـ ئەسىردە پەرغانىدە ياشاپ ئۆتكەن قەشقەرلىك ئۇيغۇر شائىرە.

**نادىرە** ( 1792 ـ 1842): تولۇق ئىسمى ماھلەر ئايىم نادىرە، تەخەللۇسى مەكنۇنە بولۇپ شائىرە ۋە ئايال قەھرىمان.

نادىرە قوقان خانى نار بۇتابىك زامانىدا ئەنجان ھاكىمى بولغان رەھمان ئائىلىسىدە (ئۇيغۇر) تۇغۇلغان، نار بۇتابىك ئۆلۈپ ھاكىمىيەت ئۇنىڭ ئوغلى ئالىمقاننىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆمەرخان 1808 ـ يىلى نادىرەنى نىكاھىغا ئالغان، ئۆمەرخان ۋاپات بولۇپ ئۇ تۇل قالغان. 1842 ـ يىلى بۇخارا ئەمرى نەسۇرۇللاخان قوقانغا قوشۇن تارتىپ كېلىپ نادىرەنى ئوغلى ۋە نەۋرىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شائىرەنىڭ «دىۋانى نادىرە» ناملىق توپلىمى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

**ئۇۋەيس**: تولۇق ئىسمى جاھان ئاتىن ئۇۋەيسى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەنجاندا ياشاپ ئۆتكەن. نادىرە ۋە مەھزۇنە دېگەن شائىرەلەر بىلەن زامانداش لىرىك شائىرە. ئۇ «شاھزادە ھەسەن» ۋە «شاھزادە ھۈسەين» دېگەن داستانلارنى يازغان.

**گۇلبەدەن**: مەشھۇر «مۇھەببەتنامە» كىتابىنىڭ ئاپتورى بولۇپ، شائىرە زىبۇننىسانىڭ ئانىسى.

**مەھزۇنە**: 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەنجاندا ئۆتكەن شائىرە بولۇپ، تىللاردا نامى قالغان بولسىمۇ مۇدھىش زامانلار تۈپەيلىدىن يازمىلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

**بۇۋى مەسۇم ئەززەم**: 18 ـ ئەسىردە يەكەندە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە.

**جىۋا** (324 ـ ؟) : مەشھۇر ئالىم، نومشۇناس كومراجىۋانىڭ ئانىسى.

**دىلبەر دورغا**: 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قاراقاش ناھىيەسىدە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە.

**دىلشات بەرنا** (1800 ـ 1905): ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ ئۆتكەن شائىرە، تاجىكىستان ئۆرە تۆپىلىك.

**راھىلە** (1860 ـ 1917): ئاتۇشنىڭ ئۈستۈنئاتۇش يېزىسىدىن، شائىرە.

**زۇلفىيە** (كاشىغەرى): ئۇ ئاپپاق غوجا قورچاق خان بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە ياشاپ ئۆتكەن.

**زىلەيخا بېگىم**: يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئەدەبىي تەرجىمان، شائىرە. ئاپپاق غوجا (1626ـ 1694) نىڭ ئانىسى.

**زۇمرەت**: 19 ـ ئەسىردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە.

**سېمىرا قىزى**: 10 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە، ئۇدۇن خانى چېسا ئىمرانىڭ قىزى.

**ھەمرا بۇۋى**: 19ـئەسىردە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن شائىرە.

(ئاپتور: كەلپىن ناھىيە يۇرچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

# كېرىيەدىكى ئۆزگىچە بالىلار ئويۇنلىرى

نۇرىمانگۈل ئابلىز



ئۇيغۇرلار بالىلارنىڭ كىچىكىدىنلا ئىسسىق-سوغۇققا ماسلىشالايدىغان، تۇرغۇن، شوخ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن، بالىلارنى ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن چېنىقتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، ئۇيغۇرلاردىكى «بالا بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا» دېگەن ماقالدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلارنى كىچىكىدىنلا چېنىقتۇرۇشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە بالا تەربىيەلەشتىكى مىللىي پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بالىلارنى چېنىقتۇرۇشنىڭ بىر ۋاستىسى، دەل ئۇلارنى ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناشقا قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت.

بالىلار ئويۇنلىرى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئەنئەنە. بالىلارغا ئادەتتىكى تۇرمۇش ساۋاتلىرى، بولۇپمۇ ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىشتە بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. بالىلار ئويۇن ئويناش ئارقىلىق، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا دېيىشى ئېسىگە كەلمىگەن كۆپ خىل ساۋاتلارنى بىلىۋالالايدۇ، شۇنداقلا ئۆزى بىلىپ بىلمەيلا ھەرخىل بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل ساھەلىرىگە ئوخشاش بالىلار ئويۇنلىرىنىڭمۇ ھەرخىل تۇرمۇش تۈرلىرى بولىدۇ. شۇنداقلا ھەر قايسى جايلاردا بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوخشىمايدۇ، ھەتتا بىر رايوندىكى ھەرقايسى ناھىيەلەردىكىسىمۇ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا بالىلار ئويۇنلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. شۇڭا ھازىرقى نۇرغۇن ئويۇنلار خەلقئارالىق تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بالىلار ئويۇنلىرىنى چوڭ جەھەتتىن تەنھەرىكەت مۇسابىقە ئويۇنلىرى، كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى ۋە خەير-ساخاۋەت پائالىيەتلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە مەن يۇرتۇم كېرىيەدىكى بالىلار ئويۇنلىرىنى تۈرلىرى بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

**1. تەنھەرىكەت-مۇسابىقە ئويۇنلىرى**

بىرىنچى، تەپكۈچ تېپىش. تەپكۈچ تېپىش ئويۇنى

بولسا ھەم تەنھەرىكەت، ھەم مۇسابىقە خاراكتېرى
كۆچلۈك بولغان ئويۇن، بۇ ئويۇندا ئوينايدىغان باللار-
نىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە چەك قويۇلمايدۇ، ئەمما گۇرۇپپا
بولۇپ ئايرىلغان ھەرقايسى ئەزالارنىڭ سانى تەڭ بولۇ-
شى كېرەك، يەنە تېخى ئانچە بىلمەيدىغانلار بىر گۇرۇپ-
پا، بەك بىلىدىغانلار بىر گۇرۇپپا بولۇشقا يول قويۇلماي-
دۇ. چوقۇم ھەرقايسى گۇرۇپپىدىكى ئەزالار تەپكۈچ
تېپىش ئىقتىدارى جەھەتتىنمۇ پەرقلىنىشى كېرەك. قانچە
گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈشى بەلگىلەنمەيدۇ. گۇرۇپپا ئايرىلىپ
بولغاندىن كېيىن ئويۇن باشلىنىدۇ. ئويۇندا ئاساسلىقى
تېپىش سانى جەھەتتىن مۇسابىقىلىشىدۇ، ئەمما تېپىش
شەكلى ھەرخىل ئۆزگىرىدۇ، مەسىلەن، ئالدى بىلەن بىر
پۇتىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى پۇتنى دەملەشتۇرۇپ تې-
پىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كالا چىقىرىدۇ، بۇ خىل شەكىل ئا-
لاھىدىرەك.

ئىككىنچى، چالما-چاڭ. بۇ خىل ئويۇندا ئويۇنچۇ-
چىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ، ئاساسلىقى ئۆرۈلۈپ
چۈشكەن ئۆيلەردە، ياداڭلىقلاردا ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن
ئەمەلىيەتتە بىر جەڭ شەكلىدە بولىدۇ. باللار ئىككى تە-
رەپكە ئايرىلىپ، بىر تەرەپ دۈشمەن بولىدۇ. ھەرقايسى
تەرەپ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى بەلگىلىۋالغاندىن
كېيىن، ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىدۇ. خۇددى ئاكوپ ئۇرۇش-
لىرىغا ئوخشايدۇ، چالمىلارنى بومبىغا ئوخشىتىپ ئاتىدۇ،
چالما باللارغا ھەرقانچە قاتتىق تەگسىمۇ باللار ئاچچىق-
لانمايدىغان، تەگەيدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. ئاخىرىدا چالما
يەپ بەرداشلىق بېرەلمىگەن تەرەپ «بولدى بىز يېڭىل-
دۇق» دەپ ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ، يا بولمىسا ئۆلگەن
بولۇپ يېتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭىلگەن تەرەپ بىرەر
جازا ئىشلەيدۇ، ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.

ئۈچىنچى، كاتەك ئويۇنى. بۇ ئويۇندا تامنىڭ تۈۋى
دېگەندەك جايلارغا بىر بارماق چوڭقۇرلۇقتا كاتەك كولى-
نىدۇ، كاتەكتىن مۇئەييەن ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، شۇ ئارى-
لىقتىن مولدەننى كولانغان كاتەككە چۈشۈرۈش شەرت
قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن يەنە جىغاپ ۋە لەپ دەپ ئىككى
تۈرگە ئايرىلىدۇ. جىغاپ ئويناشتا كاتەكتىن 20 مېتىر ئا-
رىلىقتا تۇرۇپ مولدەننى بىر-بىرلەپ ئېتىپ كاتەككە چۈ-
شۈرىدۇ، كىمنىڭ مولدىنى كاتەككە چۈشسە ياكى كاتەك-
كە قانچە يېقىن بولسا شۇ ئۇتقان بولىدۇ. ھەر قېتىمدا
ئىككى تەرەپ ئوخشاش مىقداردا مولدەن چىقىرىدۇ.
ئۇتقىنى ئېتىلغان مولدەننىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. لەپ
ئويناشتا ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش مىقداردا مولدەن
چىقىرىدۇ، بىر قېتىم ئاتىدۇ، شۇ قېتىمدا قانچىسى چۈشسە
شۇنچىسى ئاتقۇچى تەرەپنىڭ بولىدۇ، قالغىنىنى يەنە تىك-
شىپ قارشى تەرەپ ئاتىدۇ.

تۆتىنچى، گاگا. بۇ ئويۇن ھازىرقى زاماندىكى
كالتەك توپ مۇسابىقىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كەڭرى تۈز
يەرلەردە ئوينىلىدۇ. ئالدى بىلەن كەتمەن دەستىسچىلىك
كالتەكتىن يېرىم مېتىر ئەتراپىدا تەييارلىنىدۇ، بۇ گاگا
دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن چوكىدىن تومراق قىلىپ قەلەمچە
تەييارلىنىدۇ، بۇ چۈك دەپ ئاتىلىدۇ، تۈز يەرگە ئېغىز
شەكلىدە بىر ئېرىقچە كولايمىز، شۇنىڭ بىلەن ئويۇن
باشلىنىدۇ، چۈك ئېرىقچىغا قويۇلۇپ گاگانىڭ ئۇچى
بىلەن ئىلىنىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ گاگا بىلەن قاتتىق ئۇ-
رۇلىدۇ، ئەگەر گاگا چۈكقا تەگسە يەنى چۈك ئۇرۇلسا
قارشى تەرەپ ئەزالىرى چۈكنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ،
چۈك تۇتۇۋېلىنسا چۈك ئۇرغۇچى تەرەپ ئۇتتۇرغان بو-
لىدۇ، چۈكنى تۇتۇۋالالمىسا، گاگا كاتەكنىڭ ئارقا تەرىپ-
گە بويلىتىپ قويۇلىدۇ، قارشى تەرەپ چۈكنى گاگاغا قا-
رىتىپ ئاتىدۇ، گاگاغا تەگسە نۆۋەت چۈك ئاتقان تەرەپ-
كە كېلىدۇ، تەگمىسە چۈك قايتىدىن ئۇرۇلىدۇ، ئەڭ ئا-
خىرقى قېتىم چۈك چۈشكەن ئورۇن قەدەملىنىپ، دېيىش-
ۋالغان قەدەم پەللىسىگە يەتسە ئويۇننىڭ دەرىجىسى بىر
دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، يەتمىسە تاكى يەتكەنگە
قەدەر ئوينىلىدۇ. ئويۇن دەرىجىسى: ئىلمە، بۇ يۇقىرىدا
سۆزلەنگەن تەرتىپ شۇ. چۆرىمە، بۇنىڭدا چۈكنى ھاۋاغا
ئۆرلىتىپ، چۈك ئۇرغۇچى ئورنىدا تۇرۇپ بىرنى پىرقىرى-
ۋېتىپ ئاندىن گاگا ئۇرىدۇ. پۇت، بۇنىڭدا چۈكنى سول
پۇتنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ، سىلكىپ ئۆرلەتكەندىن كېيىن
گاگا ئۇرۇلىدۇ. جەينەك، بۇ باسقۇچتا چۈك جەينەككە
قويۇلۇپ سىلكىپ ئۆرلىتىلىپ ئاندىن گاگا ئۇرۇلىدۇ.
كالتە كۇسەي، بۇ باسقۇچتا گاگانىڭ بىر ئۇچىدا چۈكنى
ھاۋاغا ئۆرلىتىپ، يەنە بىر ئۇچىدا ئۇرۇپ ئۇچۇرىمىز.
چات، بۇ باسقۇچتا گاگانى ئىككى پۇت ئارىلىقىدىن چىقى-
رىپ چۈكنى ئۆرلىتىپ گاگا ئۇرىدۇ. ئارقا، بۇ ئەڭ ئا-
خىرقى باسقۇچ. بۇنىڭدا كاتەككە كەينىنى قىلىپ ئولتۇ-
رۇپ، چۈكنى ھاۋاغا ئېتىپ ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



گاگا ئۇرىدۇ.

بەشىنچى، رېزىنكە. بۇ ئويۇننى ئادەتتە بالىلار يىگا-يى دەپ ئاتايدۇ. ئالدى بىلەن ۋېلسىپىت ياكى هارۋىنىڭ كامىرىنى كېسىپ يەتتە-سەككىز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا رېزىنكە ئارغامچا ياسايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ ئويۇننى باشلايدۇ. بۇ ئويۇننىڭمۇ دەرىجىسى بولىدۇ، يەنى، هۇشۇق، تىز، بەل، قولتۇق، گال، قۇلاق، كاللا قاتارلىقلار(بۇ ئېگىزلىك دەرىجىسىنى ئاساس قىلىپ ئايرىلغان). يەنە بىرسى ئويناش شەكلىنى ئاساس قىلىپ ئايرىلىدۇ، يەنى بىر خىل شەكىلدە يۇقىرىقى دەرىجىلەرنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر خىل شەكىلدە ئوينايدۇ. بۇ خىل شەكىل: تاق پۇت ۋە قوش پۇت.

ئالتىنچى، چامغۇر تارتىش. بۇ ئويۇن ئاساسلىقى كۆچ سىنىشىش خاراكتېرىدىكى ئويۇن. مۇسابىقە خاراكتېرى ئانچە كۆچلۈك ئەمەس. بۇنىڭدا قايسىسىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچىسى بولسا شۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ چامغۇر تارتقۇچى بولىدۇ، قالغانلىرى دەرەخ ياكى يەرگە چىڭ قېقۇۋېتىلگەن بىرەر نەرسىنى تۇتۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن چامغۇر تارتقۇچى ئۇلارنى بىردىن-بىردىن تارتىپ چىقىرىدۇ. مەيلى نېمە بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئەڭ ئاخىرقىسىنى دەرەختىن ئاجراتمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ. ساغلاملىق ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ بالىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بەدەن چېنىقتۇرىدىغان پائالىيەت.

يەتتىنچى، ئۆگزەمدىكى كىم. بۇ ئويۇن ئادەتتە بالىلارنىڭ كۆچ يىغىش مەشقى بولىدۇ. يەنى، بىرىنىڭ دۈمبىسىگە يەنە بىرى چىقىدۇ.

يۈدىگۈچى بىلەن يۈدۈلگۈچى ئوتتۇرىسىدا سوئال-جاۋاب بولىدۇ.

— ئۆگزەمدىكى كىم؟

— توختاخۇن.

— نېمە يەيدۇ؟

— قاق يەيدۇ.

— قانچىنى؟

— مانچىنى.

نەچچە دېگەن بولسا شۇنچە قەدەم يىراقلىققا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. كىم دېگەن يەرگىچە ئاپىرالمىسا شۇ جازا ئىشلەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوبو، كىچىك رېزىنكە توپ قاتارلىق ئويۇنلارمۇ بار، بۇ ئىككى ئويۇن باشقا رايونلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

### 2. كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى

بىرىنچى، مېھماندارچىلىق. بۇخىل ئويۇندا بالىلار ئاساسلىقى بىر - بىرى بىلەن توي قىلىپ، ئۆي تۇتۇپ، ئاندىن بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپ ئوينايدۇ. بۇ خىل ئويۇننى مەھەللىلەردە تەكشىرەك يەرلەردە ئوينايدۇ، يەنى ئوينايدىغان بالىلار خالىغانچە بىر ئائىلە بولۇپ ئايرىلىدۇ، توپىلاردا قىر چىقىرىپ ئۆي ياسايدۇ. ئاندىن بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارىدۇ. ئادەتتە ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ئاپىسى قانداق قىلسا، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ھەتتا بىر - بىرى بىلەن قۇدا بولۇپ تويدىكى ئىشلارنىمۇ ئۆز پېتىچە دورايدۇ. بۇ ئويۇن بالىلارنى ئەدەپ - ئەخلاق، ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىشلىرى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئەتراپلىق تەربىيەلەيدۇ.

ئىككىنچى، چاكان. بۇنىڭدا يۇمۇلاقراق تاشتىن بەش تال تېرىۋالىدۇ، بۇ تېرىۋېلىنغان تاشلاردىن چوڭراقتىن بىرنى باش تاش قىلىپ بەلگىلەيدۇ، ئاندىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئوينايدۇ. ئالدىدا ئانا تاشنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن چوڭ بارماق ئارىسىغا قىستۇرۇپ تۇتۇپ قالغان تاشلارنى ئالقاندا تۇتۇپ، ئانا تاشنى هاۋاغا ئېتىپ بالا تاشلارنى يەرگە قويۇپ ئانا تاش يەرگە چۈشۈپ بولغىچە تۇتۇۋېلىپ ئانا تاشنى يەنە هاۋاغا ئېتىپ بالا تاشلارنى ئويۇن قائىدىسى بويىچە تېرىۋېلىپ، ئانا تاشنى يەنە تۇتۇۋېلىش تەرتىپى بويىچە ئوينايدۇ. بالا تاشلارنى تېرىۋېلىش قائىدىسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يەنى بالا تاشنى ئىككىدىن ئېلىش، دەسلەپ بىر تالنى ئاندىن ئۈچ تالنى ئېلىش، دەسلەپ ئۈچ تالنى ئاندىن بىر تالنى ئېلىش، سول قولنىڭ ئالقىنىنى يەرگە قويۇپ بوره ئۇۋىسى هاسىل قىلىپ بالا تاشلارنى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە بوره ئۇۋىسىغا كىرگۈزۈش قاتارلىق تەرتىپلەر ئورۇندىلىدۇ. دەپ بېرىش باسقۇچىدا قارشى تەرەپ كۆرسىتىپ بەرگەن بالا تاشلار ئېلىنىدۇ. مىدىرلاش باسقۇچىدا ئېلىنمايدىغان بالا تاشلارنىڭ مىدىرلاپ كەتمەسلىكى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ ھەرىكەتتىكى چاققانلىق، سەزگۈرلۈكىنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۈنچە-مارجان. بۇ خىل ئويۇننى كەچ ۋاقىتلىرى، يەنى قاراڭغۇ چۈشۈپ سىرتتا ئويناش ئىمكان-

2010.1



يېتى بولمىغان چاغلاردا دوستلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئوينايدۇ. ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ، ئادەم قانچە جىق بولسا شۇنچە قىزىقارلىق بولىدۇ. ھەممىسى ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ئالدىغا چىقىرىپ ئولتۇرىدۇ، ئارىدا چوڭراق بىرسى قوشاق ئوقۇيدۇ، قوشاقتىكى ھەربىر بوغۇم ئوقۇلغاندا بىر پۇت سانىلىدۇ، قوشاق قايسى پۇتتا ئاخىرلاشسا شۇ پۇت تارتىۋېلىنىدۇ، يەنە كېيىنكى قېتىمدا ئۇ پۇت سانالمايدۇ، مۇشۇنداق سانىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا قالغان پۇتنىڭ ئىگىسى مەلۇم بىر جازا ئىشلەيدۇ. بۇ ئويۇننىڭ قوشقى تۆۋەندىكىچە:

ئۈنچە-مارجان چېچىلدى،
تېرىپ بولالماي كەچ بولدى.
قوپۇڭ ئانا كېتىلى،
تاسمىچىغا يېتىلى.
تاسمىچىمۇ ئۆلۈپتۇ،
كونا مازارغا كۆمۈپتۇ.
يىغلىغىلى ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

تۆتىنچى، ئۇششاق چىپە. بۇ ئويۇندا، باللارنىڭ ئارىسىدا بىر بالا «ئانا»، بىر بالا «تاز»، يەنە بىر بالا «قۇيرۇق چۆرۈگۈچ» بولۇپ بېكىتىلىدۇ. قالغان باللار ئانىنىڭ كەينىگە بىرسىنىڭ پېشىنى بىرسى تۇتۇپ قاتار تىزىلىدۇ، «قۇيرۇق چۆرۈگۈچ» ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلىدۇ، سەپ تەييار بولغاندىن كېيىن «تاز» ناخشا ئېيتىپ كېلىدۇ:

ئانا: ھاي تازەي ! نەگە ماڭدىڭە؟
تاز: قۇشقاچ ئالغىلى.
ئانا: قۇشقاچ ئېلىپ نېمە قىلىسە؟
تاز: يەيتمە.
ئانا: يەپ قانداق قىلىسە؟
تاز: چېچىتمە.
ئانا: چېچىپ قانداق قىلىسە؟
تاز: تېرىيتمە.
ئانا: تېرىپ قانداق قىلىسە؟
تاز: ئورۇيتمە.
ئانا: ئورۇپ قانداق قىلىسە؟
تاز: يەيتمە.
ئانا: يەپ قانداق قىلىسە؟
تاز: تولا گەپ سوراپ نېمە قىلىسە؟
ئانا: بىلەي دېدىم.
تاز: ئارقاڭدىكى نېمەلىرىڭ؟
ئانا: ئۇششاق-ئۇششاق باللىرىم.
تاز: ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟
ئانا: كۆچۈك يەتسە ئالساڭچۇ!

سا تاز باللارنى قوغلاشقا باشلايدۇ، باللارنى بىردىن-بىردىن تۇتۇۋېلىپ توپتىن ئاجرىتىۋالىدۇ. تازغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، توپ بېشى سەپنىڭ ئالدىدىن، قۇيرۇق چۆرۈگۈچ سەپنىڭ كەينىدىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ. تاز ھەممە بالىنى ئاجرىتىۋالغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا قۇيرۇق چۆرۈگۈچنى ئاجرىتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۆزى ئانا بولۇپ ئەسلىدىكى ئانا تاز بولىدۇ، ئويۇن قايتىدىن باشلىنىدۇ.

بەشىنچى، كۆز تېڭىشماق. بۇنىڭدا باللار ئىككى گۇرۇپپا بولۇپ ئايرىلىپ ھەر بىر گۇرۇپپىغا بىردىن بالا ئانا بولىدۇ، ئىككى ئانا ئۆز باللىرىغا يوشۇرۇن ھالدا ئايرىم-ئايرىم ئىسىم قويىدۇ، ئىسىم قويۇپ بولغاندىن كېيىن بىر ئانا يەنە بىر ئانىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ بارىدۇ-دە، «قايسى بالىڭىز ئەقىللىق» دەپ سورايدۇ، قارشى تەرەپ «ئۆزىڭىز تاللاڭ» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن خالىغان بىرسىنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، ئۆز باللىرى ئىچىدىن مەلۇم بىرسىنى يوشۇرۇن ئىسمى بويىچە چاقىرىدۇ، ئۇ كېلىپ كۆزى تېڭىۋېلىنغان بالىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى چېكىپ قويۇپ قايتىپ ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. بالىنىڭ كۆزى ئېچىۋې-

تىلىدۇ، باشقا باللار «لاخشىكى ـ لاخشىكى» دەپ ۋارقىرايدۇ، مۇشۇ ئارىلىقتا كۆزى تېڭىۋېلىنغان بالا پېشانىسىگە چەككەن بالىنى تاپىدۇ، ئەگەر تاپالمىسا چاقىرىلغان بالا مۇشۇ گۇرۇپپىغا قوشۇلىدۇ، تاپالىسا بۇ بالا قارشى تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىدۇ. بۇ ئويۇن تا مەلۇم بىر گۇرۇپپىنىڭ باللىرى تۈگىگەنگە قەدەر ئوينىلىدۇ. بۇ خىل ئويۇندا باللار چىراي ئىپادىسىگە قاراپ، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئالتىنچى، قىلىورغا. بۇنىڭدا چىمچىلاق قول توملۇقدا پولات چىۋىقنى چەمبەر شەكلىدە ئېگىدۇ، ئىنچىكىرەك، ئادەتتىكى يۇمشاق سىمنىڭ ئۇچىنى ئىلمەك قىلىپ، باش تەرىپىگە دەستە چىقىرىلىدۇ، بۇ قىلىورغىنىڭ زىخى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ يولغا ئەپچىقىپ پولات چەمبەر قول بىلەن دومىلىتىلىدۇ. چەمبەرنىڭ كەينىدىن زىخنىڭ ئىلمىكى ئەپچىللىك بىلەن پولات چەمبەرگە ئىلىپ ئىتتىرىپ مېڭىلىدۇ. پولات چەمبەر توختاپ قالماي دومىلاۋېرىدۇ. بۇ ئويۇن ئوغۇللارنىڭ مەلۇم بىر نەرسىنى ھەيدەش، باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ.

يەتتىنچى، ئاق تېرەك ـ كۆك تېرەك. بۇ ئويۇندىمۇ باللار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ، ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئەزا سانى ئوخشاش بولۇشى كېرەك. گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى گۇرۇپپا بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ھالەتتە تۇرىدۇ. ئاندىن مەلۇم بىر گۇرۇپپا ئالدى بىلەن ئويۇن قوشىقىنى باشلايدۇ. ئويۇن قوشىقى تۆۋەندىكىچە:

— ئاق تېرەك، كۆك تېرەك.
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟
باتۇر ـ باتۇر قىز كېرەك.
قىزنىڭ ئىسمى نېمىدۇر؟
پالانى...

قوشاق قايسى تەرەپتە ئاخىرلاشسا، شۇ تەرەپ ئادەم تاللايدۇ. تاللانغان ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ سەپنى ئۈزىدۇ، ئۈزۈۋېتەلىسە ئۆز گۇرۇپپىسىغا بىر ئادەمنى قوشۇپ ئېلىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۈزۈۋېتەلمىسە شۇ گۇرۇپپىغا قېتىلىدۇ.

سەككىزىنچى، قايسىلىڭ يامان. بۇ ئويۇن باللارنى دادىل، جۈرئەتلىك، تەۋەككۈلچى قىلىپ تەربىيەلەيدۇ. بۇنىڭدا مەھەللىدىكى چوڭراق بالا ياكى ھەممە باللار قايىل بولىدىغان بىر بالا باش بولىدۇ، باش بولغۇچى بالا باشقا باللارنى ئەتراپىغا يىغىپ «قايسىلىڭ يامان بولساڭ» دەپ خالىغان بىر ئىشقا بۇيرۇيدۇ. كىچىك باللار بەسلىششىكە ئامراق بولغاچقا «قايسىلىڭ يامان» دېگەن ھامان «مەن يامان، مەن يامان» دەپ چاپىدۇ. ئۇ ئىش ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ، كۈچى يەتمىسىمۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ قىلىپ باقىدۇ.

توققۇزىنچى، نۇر. بۇ ئاساسلىقى ئوغۇللارنىڭ ئويۇنى. ئويۇنچۇقنى باللار ئۆزى ياسىسىمۇ بولىدۇ، ياغاچچى ئۇستاملارغا ياساتسىمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ نۇرنى ياساش، ئويمىچىلىق تېخنىكىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، ياسىيالايدىغانلار ناھايىتى ئاز چىقىدۇ. نۇرنى ياساپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قامچا ياسايدۇ، قامچىنى ئادەتتىكى قامچىلاردەك (بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاياقچىنىڭ بىر ئۇچىغا ئىنچىكە تانىنى چىڭ باغلاپ) ياسىسا بولىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى ياساپ بولغاندىن كېيىن نۇرنىڭ ئوتتۇرىدىكى بۆلۈمىسىدىن قامچىنىڭ تانىسىغا باغلاپ ئۇنىڭدىن كېيىن سىلكىپ قويۇپ بەرسەك نۇر پىرقىرايدۇ، شۇ ھامان پىرقىراۋاتقان نۇرنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلايدۇ، نۇر توختىماي پىرقىرايدۇ. بۇ ئويۇندا نۇرنىڭ پىرقىراش ۋاقتىنىڭ ئۇزاقلىقى جەھەتتە مۇسابىقىلىشىدۇ.

ئونىنچى، چانا. بۇ ئويۇنمۇ ئوغۇللارنىڭ ئويۇنى. ئالدى بىلەن پارچە ـ پۇرات ياغاچلاردىن كىۋادرات شەكلىدە بىر پارچە تاختاي ياسايدۇ، بۇ تاختىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۆت قىرلىق كالتەكتىن پۇت ياسايدۇ، پۇتنىڭ يۈزىگە ئىنچىكە پولات سىمنى ئورنىتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ كالتەككە بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى ئىنچىكە پولات سىمنى مىخلاپ زىخچە ياسايدۇ، بۇنىڭدىن ئىككىسى ياسىلىدۇ. يۇقىرىقىلارنى ياساپ بولغاندىن كېيىن تازا مۇز توڭلىغان يەرگە بېرىپ، چانىغا ئولتۇرۇپ، زىخچىنى يەرگە نىقتاپ ماڭىدۇ. بۇنىڭدا مېڭىش سۈرئىتى جەھەتتە مۇسابىقىلىشىدۇ.

ئون بىرىنچى، ياغلىق تاشلاش. بۇ ئويۇننى قىز ـ ئوغۇللار ئارىلاش ئوينىسا بولىدۇ. ئالدى بىلەن قىز ـ ئوغۇللار ئۆز ئارا قول تۇتۇشۇپ چەمبەر ھاسىل قىلىپ، ئاندىن ئۆز جايىدا ئولتۇرىدۇ، ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەلۇم بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياغلىقنى قولىغا

ئېلىپ چەمبەر ئەتراپىنى چۆرگىلەيدۇ، چۆرگىلەپ كېتىۋې-تىپ كىمنى خالىسا شۇنىڭ كەينىگە ياغلىقنى تاشلاپ قويى-دۇ (باشقىلار ياغلىق تاشلانغان كىشىگە ھەرگىز چاندۇ-رۇپ قويماسلىقى كېرەك، ئەگەر كىم چاندۇرۇپ قويسا شۇ جازا ئىشلەيدۇ). ياغلىق تاشلانغان كىشى، تاشلىغۇچى چەمبەرنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ بولغۇچە سېزىۋالمىسا جازا ئىشلەيدۇ، ئەگەر سېزىۋالسا ياغلىق تاشلىغۇچىنى قوغ-لايدۇ، تاشلىغۇچى قېچىپ ھارغاندا قوغلىغۇچىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ، باشقا جايدا ئولتۇرۇپ قالسا ئوخشاشلا جازا ئىشلەيدۇ.

ئون ئىككىنچى، دۇم-دۇم. بۇ ئويۇندا بىر توپ باللار بىر يەرگە كېلىپ، مەلۇم بىرسىنى دۈم ياتقۇزۇپ، دۈمبىسىگە بىرسى يېنىك ئۇرىدۇ، ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇرغان كىشىنى تاپىدۇ، تاپا-لىسا شۇ كىشى دۈم ياتىدۇ، تاپالمىسا يەنە ئۆزى دۈم يېتىپ تاياق يەيدۇ.

### 3. خەير-ساخاۋەت ئويۇنلىرى

بىرىنچى، نازىركوم. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا ناسىر ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ ئۇ ھەققانىيەتچى، خەير-ساخاۋەتچى، گەپدان كىشى ئىكەن. يۇرت ئىچىدە يۈز-ئابرۇيى چوڭ بولغاچقا ھەممە كىشى ئۇنى «ناسىر ئاكام» دېيىشىدىكەن. يۇرت ئىچىدە بىرەر يوقسۇل، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار ئاغرىپ قېلىش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ قالسا، ناسىر ئاكا جامائەتنى باشلاپ، يۇرت كاتتى-لىرىنىڭ ياكى بايلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ياردەم سوراپ، يىغىش قىلىپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلىپ بېرىدىكەن. ناسىر ئاكا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، باللار ئۇنىڭ خاسىيەتلىك ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، «ناسىر ئاكام» ئويۇنىنى پەيدا قىلغان ئىكەن. «ناسىر ئاكام» سۆزى كېيىنكى دەۋرلەردە فونې-تىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، «نازىركوم» بولۇپ قالغان ئىكەن.

باللار ئارىسىدىكى بۇ پائالىيەتمۇ ئوخشاشلا مەھەل-لىدە بىرەر نامرات ئېغىر قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا، بىر قانچە بالا بىرلىشىپ، ئارىدىن ياشتا چوڭراق، قىزىقچى، گەپكە ئۇستا بىر بالا ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان ساقال تاقاپ، تەلپەكنى تەتۈر كىيىپ، ئۇزۇن چاپان كىيىپ، دۈمبىسىگە بىر نەرسە تىقىپ، بېلىنى باغلاپ، دوك قىياپى-تىدىكى «نازىركوم» بولۇپ ياسىنىدۇ. باشقا باللار نا-زىركوم ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. نازىركوم قولىغا ھاسا-تاياق ئېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ماڭىدۇ. نازىركوم ئۇسسۇلى، ھەر خىل ئۆزگىچە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، قىزىقچىلىق قى-لىشنى ئاساس قىلىدۇ. باللار ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ، پۈتۈن مەھەللىنى ئايلىنىپ، مەھەللىدىكى بارلىق باللارنى يىغىدۇ، تاماشا كۆرۈشنى خالايدىغان چوڭلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. نازىركوم پۈتۈن توپنى باشلاپ باي-لارنىڭ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئۆي ئىگىسى چىقىپ، نازىركومنىڭ كېلىش ۋەجىنى سورىغاندا، باللار ناخشا ئېيتىشتىن توخ-تايدۇ.

نازىركوم: ئەل رازى، خۇدا رازى، خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن ھەممىدىن كەچمەك كېرەك.

باللار: ھەق راست.

نازىركوم: ئۆزلىرى ساخاۋەت ئىگىسى، ئالىقىنى كەڭ يۇرت كاتتىسى، نەچچە بالىنىڭ ئاتىسى، باللارنىڭ ھەق-ھۆرمىتى ئۈچۈن كەڭ ئېچىلسۇن سېخىي قوللىرى.

باللار: ھەق راست.

نازىركوم كىمنىڭ قانداق قىيىنچىلىق تارتىپ قالغان-لىقى، ئۇنىڭغا نېمە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ساخاۋەت تىلەيدۇ. ئۆي ئىگىسى باللارنىڭ تەلپى بويىچە، دېگەن نەرسىنى خەير-ئېھسان قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسى بەرگەن نەرسە قىيىنچىلىق تارتقۇچىغا يېتەرلىك بولمىسا ئۇلار ئۆي ئىگىسىگە تەشەككۈر ئېيتىپ، ناخشا-ئۇسسۇلنى داۋاملاش-تۇرۇپ، ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. بۇ پائالى-يەت تاكى تەلەپنى تولۇق ئورۇندىيالىغۇچىلىك نەرسە-كېرەك توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، باللار توپلىغان نەر-سىلەرنى قىيىنچىلىق تارتقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپ،



ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن قايتىدۇ.

نازىركوم ناخشىسىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلار ئادەتتىكى خەلق قوشاقلىرى بولۇپ، «ۋاي-ۋاي نازىركوم ئالتاي بولدى كەلمىگىلى، يەتتە ئاي بولدى كۆرمىگىلى، ۋاي-ۋاي نازىركوم» دېگەن قوشاق ھەر بىر كۇپلېت قوشاققا نەقرات قىلىپ ئېيتىلىدۇ. ناسىر ئاكا «كېرىيەدە ئۆتكەن كىشى» دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ، لېكىن، نازىركوم ناخشىسى ۋە ئۇسسۇلى تۇرپان رايونىدا مەشرەپ قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ كەلگەن ساقلانغان. ئۇ ئۇسسۇلدا قىزىقچىلىق قىلىش ۋە نەقراتنىڭ ئاھاڭى ئوخشاش بولسىمۇ، تېكىستى ۋە تېكىست ئاھاڭلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. يەنە كېلىپ، نازىركوم تۇرپاندا چوڭلارنىڭ مەشرەپ ئۇسسۇلى، كېرىيەدە بالىلارنىڭ خەير-ساخاۋەت پائالىيىتى ئۇسسۇلى ھېسابلىنىدۇ. كېرىيەدە بۇ پائالىيەت تاكى 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن، ئەمما ھازىر يوقىلىپ كەتتى.

ئىككىنچى، رامزان ئېيتىش. رامزان ئېيتىش رامزان ئېيىنىڭ 12-، 13 - كۈنلىرىدىن 20-كۈنلىرىگىچە بولغان ئايدىڭ ئاخشاملىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ھەر كۈنى ئىپتاردىن كېيىن، بىر ياكى بىر قانچە بالا كوچىغا چىقىپ «دوست چاقىرىش» قوشىقىنى ئېيتىدۇ:

ئاق تاش، كۆك تاش.
دەريادىكى سۈزۈك تاش
رامزاندا بالا بارمۇ؟
ئۆستەڭ بېشىدا كالا بارمۇ؟ ھوي... ھوي!

باشقا بالىلار بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ، دەرھال رامزان ئېيتىشقا كېلىدۇ. بالىلار توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەھەللىنىڭ بىر بېشىدىن باشلاپ، ھەممە ئۆيگە تولۇق بېرىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ رامزان قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. ئۆي ئىگىسى نان، ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق يېمەكلىك بېرىدۇ. پۈتۈن مەھەللىنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يىغىلغان نەرسىلەرنى بېرىشتە نامرات ئائىلىلەرگە ھەر بىر كۈنلۈك نەرسىنى بىر كىشىگە نۆۋەت بىلەن بېرىش ياكى شۇ كۈنلۈك نەرسىنى شۇ كۈنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشنى بالىلار مەسلىھەت بىلەن بېكىتىدۇ.

رامزان ئېيتىشتا ئوقۇلىدىغان ئايرىم قوشاقلار بار بولۇپ، ئاھاڭىمۇ ئايرىم، مەزمۇن جەھەتتىن مەقسىتى بىلدۈرۈش، ماختاش ۋە كەمسىتىپ تىللاش مەزمۇنىدىكىلىرى بار. دەسلەپتە مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلار ئوقۇلىدۇ، ئاندىن ماختاش مەزمۇنىدىكىلىرى ئوقۇلىدۇ، ئۆي ئىگىسى بىر نەرسە بەرمىسە كەمسىتىش، تىللاش مەزمۇنىدىكىلىرى ئوقۇلىدۇ. رامزان قوشىقىنىڭ ئالدىنقى بىر كۇپلېتى ئاھاڭ بىلەن، كېيىنكىسى دېكلاماتسىيە بىلەن ئوقۇلىدۇ. ئاساسلىق رامزان قوشاقلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاق مىچىتكە بورا سالدۇق، كۆك مىچىتكە جەيناماز.
بۇ خېنىمنىڭ ئوقۇشى بەش ۋاخ ناماز.

رامزاننىڭ ئون يەتتىسى قادىر كۈنى.
نانلىنىڭ يوغانلىرىدىن خىللاڭ قېنى.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى تاينىڭ ئىزى.
نانلىدىن خىللاپ چىقىڭ باينىڭ قىزى.

ئاسماننىڭ يوچۇقىدىن ئاينى كۆردۇق.
ساندۇقنىڭ يوچۇقىدىن ناننى كۆردۇق.

رامزاننىڭ ئېيتىمىشى ھەزرەت ئېلى.
ئۇلۇغلىدىن قالغان ئىكەن بىز ئېيتىلى.

ئاق توخۇ ئاپئاق توخۇ دان تاتىلا،
غوجامنىڭ بەرگەن نېنى خام-خاتىلا.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى ئويدالڭ چوقۇ.
بىر نانغا چىدىمىغان روزەك چۇپۇ.

رامزان ئېيتىپ-ئېيتىپ ھارماسمىز،
بۇ خېنىم نان بەرمىسە كەتمەسمىز.

يۇقىرىقى ئويۇنلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بالىلار ئويۇنلىرى بالىلارغا تەربىيە بېرىدىغان ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئۈنۈملۈك مەكتەپ. بۇ مەكتەپتىن بالىلار ھەرگىزمۇ زېرىكىپ قالمايدۇ، بۇ مەكتەپتىن قېچىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى مۇشۇنداق

ئويۇنلارنى ئويناپ چوڭ بولغان بالىلار باشقىچە ئادەم بولىدۇ، بولۇپمۇ ئوغۇللار زېھنى ئۆتكۈر، ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان، بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ئىككىلەنمەيدىغان جىگەرلىك ئادەم بولىدۇ. قىزلار بولسا تۇرمۇش ئىشلىرىغا پىششىق، ئەدەپ-ئەخلاقلىق چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن، كىچىككىنە بىر مىسال: مېھماندارچىلىق، كۆز تېڭىشماق قاتارلىق ئويۇنلاردا ئۆيگە كىرگەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كىرىشى كېرەك.

بالىلار ئويۇنلىرىنى مەكتەپلەرگە ئېلىپ كىرسەك ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنكى، بالىلار ئويۇنلىرى ھەرگىزمۇ دەرسلىك بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس، دەرسلىك ئارقىلىق نەزەرىيەۋى بىلىملەر سۆزلىنىدۇ، بۇ ئويۇنلار ئارقىلىق ئاشۇ نەزەرىيە ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلىدۇ، بالىلار گەرچە كاللىسىدا مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئوينىمىسىمۇ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا شۇنداق بولىدۇ. دېمەك، بالىلار ئويۇنلىرى ئارقىلىق بالىلارنى مەكتەپكە قىزىقتۇرغىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئوقۇشنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، بالىلار مەھەللىدە ئويۇن ئوينىمايدىغان، مەكتەپتىن قايتىپ كەلسىلا، تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. سىرتقا چىقىپ ئويناي دېسىمۇ، بىللە ئوينىغىلى بالا تاپالمايدۇ. بۇ ئويۇنلار كۆپىنچىسى كۆپچىلىك بىللە ئوينايدىغان ئويۇن بولغاچقا بىر - ئىككى بالا ئوينىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە «كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان» دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى، ھازىر بۇ گەپمۇ يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى، چۈنكى ئاشۇنداق بىللە ئوينايدىغانغا مۇھىت يوق.

ھازىر جەمئىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، بولۇپمۇ شەھەرلەردە بىرمۇ بالىنىڭ بۇنداق ئويۇنلارنى ئوينىغىنىنى كۆرمەيمىز، ئەمما يېزىلىرىمىزدا بۇ ئويۇنلار ئانچە - مۇنچە ئوينىلىدۇ. شەھەرلەردىكى بالىلارمۇ بۇ ئويۇنلارنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ، ئەمما ئۇلارغا بۇ خىلدىكى ئويۇنلارنى ئويناشقا مەھەللە مۇھىتى يوق. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ جىسمىدىكى ئۇيغۇرچە روھنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بالىلار چوقۇم بۇ ئويۇنلارنى ئوينىشى كېرەك. لېكىن ئۈرۈمچىگە ئوخشاش نوپۇسى كۆپ، تەرەققىياتى تېز بۇنداق شەھەرلەردە، بۇ ئويۇنلارغا مەھەللە مۇھىتى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىمىزنى مەكتەپلەرگە ئېلىپ كىرىشىمىز كېرەك. ئەگەر مۇشۇ ئويۇنلار باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىغا بىرلەشتۈرۈلسە بالىلار ھەر تەرەپتىن تەڭ يېتىلەتتى. بۇمۇ بىر بايلىق، بۇمۇ بىر ئەنئەنە. يوقىتىشقا، ئۇنتۇشقا بولمايدىغان بىر ئەنئەنە. بۇ ئەنئەنە ئارقىلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ بىرمۇ بىر سۆزلەپ ئۆگىتەلمەيدىغان قائىدە-يوسۇنلارنى بالىلارغا تەبىئىي سىڭدۈرگىلى بولىدۇ، بالىلار تەبىئىيلا ئەدەپ-ئەخلاق يىپىنچىسى يېپىنىدۇ، مەشىق قىل دەپمۇ قىلدۇرالمايدىغان ئېغىر مەشىقلەرنى مۇشۇ ئويۇنلارنى ئويناش جەريانىدا مەشىق قىلىدۇ، قىسقىسى، ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمىزنىڭ پايدىسى بولسا باركى ھەرگىز زىيىنى يوق. شۇڭا ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمىزنى مەكتەپ مائارىپى ئارقىلىق ساقلاپ قالساق ئەجدادلارغىمۇ، ئەۋلادلارغىمۇ يۈز كېلەلەيمىز. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىر ئايرىم ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىدىكى بوشاڭلىق، روھىدىكى سولغۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك، تاۋى نازۇكلۇق، تەپەككۇرى توسۇلۇپ قېلىشتەك بىنورمال پىسخىك ئالامەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، ئۇلارغا بولغان مىللىي روھ تەربىيەسى ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىدا.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللانىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ناملىق كىتابى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىللىق 4-ئاي 2-بېسىلىشى) 478-بەت.

2. ئەخمەت كېبىرنىڭ «ساپا مائارىپىمۇ، خاتا مائارىپمۇ» ناملىق كىتابى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىللىق 6-ئاي 1-نەشرى) 59-بەت، 69-بەت.

3. كېرىيە ناھىيىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «كۆكبۇلاق» ژۇرنىلى. 2005-يىللىق 2-سان. 48-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردىكى «كۆز تەگمىسۇن»، «سۆز تەگمىسۇن» قارىشى

ھۆسەنجان قاسىم

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا باشقىلارنىڭ «كۆزى تېگىپ» ياكى «سۆزى تېگىپ» ئويلىمىغان خېيىمخەتەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش پسىخىكىسى روھىيەت ئالىمىنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «كۆز مۇنچاق»، «سۆز تۇمار» قاتارلىقلارنى ئۆز يېنىدا ھەمراھ قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بوۋاق بالا تۇغۇلغان ھامان ئۇنىڭ پوسمىسىغا كۆز مۇنچاق تىكىپ قويىدۇ ياكى پاتمچۇق شەكلىدە رەخت قونچاق ياساپ تىكىپ قويىدۇ. بالا يەتتە ياشقا كىرگۈچىلىك بالىنىڭ بىلىكىگە بىلەزۈك شەكلىدە ياكى بويىنغا بولاپكا شەكلىدە تۇمار ئېسىپ قويىدۇ. بۇ خىل تۇمار ئىچىدە كۆز تېگىشتىن ساقلىغۇچى پۈتۈك بولغاندىن سىرت، ئىت مايىقى، توخۇ مايىقى، قۇش تىرنىقى قاتارلىق نەرسىلەرمۇ سېلىنغان بولىدۇ. يەنە، چىرايلىق بالىلارنىڭ مەڭزىگە قارا سۇۋاپ قويۇش ئارقىلىق سەت كۆرسىتىش ئۇسۇلى بىلەن كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش قارىشى بار.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان قوي، ئات- ئېشەك قاتارلىق يارام ھايۋانلىرىنىڭ يامان كۆز، يامان سۆزلەردىن يىراق بولۇشىنى تىلەپ كۆز تۇمار، سۆز تۇمار (تىلتۇمار) ئاسسا، سازەندە، مۇقامچى، ئەلنەغمىچىلەرمۇ ساتار، تەمبۇر، راۋابلىرىنىڭ قۇلىقىغا تۇمار ئېسىۋالىدۇ. ئوغلاق ياكى بەيگە مەيدانلىرىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يارام ئات تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشسە قاراپ تۇرغان ئاۋامنىڭ ئىچىدە يامان كۆز، يامان سۆزلۈك كىشىلەر بار ئىكەن، چەتنەپ كەتتى، دەپ قارىشىدۇ. ئەمدىلا ئايىغى چىققان ئۇماق بالا ئاتا- ئانىسىنىڭ ئالدىدا پىلتىڭلاپ ئويناپ يۈرۈپ، تۇساتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ زەخىملەنسە، «ئاتا- ئانىسىنىڭ كۆزى تەگدى، بوشراق نەزەر سالسا بولمامدۇ» دېيىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ ئوغۇللۇق، كۆپ قىزلىق ئائىلىلەر بالىلىرىنىڭ بىراقلا كوچىغا چىقىپ قاتارلىشىپ مېڭىشىدىن، مەشرەپ مەرىكىلەردە بىر يەردە قاتارلىشىپ ئولتۇرۇشىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. بۇمۇ ئاۋامنىڭ كۆزى، سۆزى تېگىشتىن ئەنسىرىگەنلىكىدۇر. ئۇيغۇرلاردا «بالا نەچچە بولدى؟» دېگەن سوئالغا ئېنىق جاۋاب بەرمەستىن «3-4 چە بار» ياكى «ئاللانىڭ بەرگىنى بار» دەپ جاۋاب بېرىدىغان، نەق قىرىققا توشقان ئەرلەر «بۇ يىل دەل 40 ياشقا كىردىم» دېمەستىن، 40 تىن ئاشتىم» دەپ جاۋاب بېرىدىغان ئادەت بار. بۇنىڭدىنمۇ بالىسى كۆپ ئائىلىلەرگە كۆز تېگىپ كېتىدۇ دەيدىغان قاراش بارلىقىنى؛ دەل 40قا توشقان قىران ۋاقتىمدا كۆز تەگمىسۇن دېگەن قاراش بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مۇبادا يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى قىلىپمۇ يەنە سەۋەبسىز بىر كېلىشمەسلىكلەرگە يولۇققاندا ئۇلۇغ يولدىن ئەخلەت- چاۋا، تۆت يول دوقمۇشىدىن تۇپراق ئېلىپ يەتتە ئۆيدىن پارچە لاتا تىلەپ، بارلىق ئۇرۇق- تۇغقان قوشنىلارنىڭ كۆزىنى، ئاغزىنى شەكلەن ئۈزۈپ ئىسرىقدانغا سېلىپ ئوبيېكتنى ئىسرىقلاپ سەۋەب قىلىش ئادىتى بار.

بۇ جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىمۇ ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا بالا- قازادىن ساقلىنىش پسىخىكىسى قەدىمدىن شەكىللەنگەن. مەسىلەن، خەنزۇلاردا قاشتېشى بۇيۇم ساقلىغان كىشى بالا- قازادىن ساقلىنىدۇ، دەيدىغان پسىخىكىلىق قاراش مەۋجۇت.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىدا)



# كۆك چاي مەشرىپى

مۇنىرىدىن شەمشىدىن، ئايسىمە ئىدرىس

«كۆك چاي مەشرىپى» توغرىسىدا يازما خاتىرە بىلەن تەمىنلىگۈچى بىردىنبىر شەخس تارىخشۇناس ئالىممىز موللا مۇسا سايرامى بولۇپ، بۇ زات ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ بىر قانچە جايىدا ئۇچتۇرپاندىكى كۆك چاي مەشرىپىنىڭ جەريانى، كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلار ھەققىدە توختالغان. «تارىخىي ھەمىدى»دىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا «كۆك چاي مەشرىپى»نىڭ ئاساسلىق پائالىيەت تەرتىپى مۇنداق بولغان: مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن چوڭ قازانغا جىق چاي سېلىنىپ، ئوبدان قاينىتىلىپ، ئۈستىگە نەچچە تاۋاقتا قايماق قۇيۇپ چاي تەييارلىنىدۇ ۋە بۇ چاي «تەۋەررۇك كۆك چاي» دەپ چوڭ كۆرۈلىدۇ. ئاندىن جامائەت ئارىسىدىكى بىر مۆتىۋەر كىشىنى مەخسۇس چاي تەقسىملەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ كىشى غۇسۇل-تاھارەت ئېلىپ پاكلانغاندىن كېيىن، چۆمۈچنى قولىغا ئېلىپ، «تەۋەررۇك كۆك چاي»نى كىشىلەرگە يېتىشچە تەقسىملەپ بېرىدۇ. مەشرەپ ئەھلىمۇ چاينى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ھەرگىزمۇ ھاپىلا-شاپىلا ئىچىۋەتمەي، ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ ئاندىن تەۋەززۇ بىلەن ئىچىدۇ. ئاندىن كېيىن مۇقاملار ئېيتىلىپ، نەغمە-ناۋا باشلىنىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقۇچى ئەر-ئاياللار ئۇسسۇل-ساماغا چۈشۈپ، مەشرەپ شۇ تەرىقىدە داۋام ئېتىدۇ. موللا مۇسا سايرامىنىڭ بەرگەن ئۇچۇرىدا يەنە يەرلىك خەلقنىڭ بۇ پائالىيەتلەردە ئېيتىلىدىغان مەخسۇس مۇقامى بارلىقى ۋە ئۇنىڭ «ھۇزۇرۇم مۇقامى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

موللا مۇسا سايرامى بۇ پائالىيەتنى ئۇدۇللىسىغا «كۆك چاي مەشرىپى» دەپ ئاتىمىغان، شۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغان «تەۋەررۇك كۆك چاي» نامى بىلەن ئاتىغان. ئەلۋەتتە بۇ يەردىكى «چاي» سۆزى يالغۇز ئىچىدىغان چاينىلا كۆرسەتمەستىن، ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدىكى قاتار چاي، مەسلىھەت چاي دېگەندەك يىغىلىش، مەشرەپ پائالىيىتىنىمۇ كۆرسىتەتتى.

«كۆك چاي مەشرىپى» توغرىسىدا غالىب بارات ئەپەندى بىر پارچە ماقالە يازغان. ئاپتور ماقالىسىدە «تارىخىي ھەمىدى»دە مۇشۇ پائالىيەتكە ئائىت ئۇچۇرلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى قېزىپ تەتقىق قىلىش ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەم تۇنجى قېتىم «كۆك چاي مەشرىپى»

دېگەن نامدا ئاتىغان.

بۇ پائالىيەتنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ۋە خاس تەرەپلىرىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلاردىكى «كىتابخانلىق مەشرىپى»، «ماش مەشرىپى» دېگەنلەرگە ئوخشاش قويۇق مەشرەپ تۈسىنى ئالغانلىقى، مۇئەييەن مۇددەتتە ئىزچىل ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ۋە «تەۋەررۈك كۆك چاي» ئىچىشنى ئۆزىگە خاس بەلگە قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇنى «كۆك چاي مەشرىپى» دەپ ئاتاشنى توغرا دەپ قارايمىز.

شۇ رايوندىكى پېشقەدەملەردىن ئىگىلىشىمىزچە، مۇشۇنداق بىر مەشرەپنىڭ بولغانلىقى ۋە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئەگىلدۇق. موللا مۇسا سايرامى ئۆز يازمىسىدا ئەينى دەۋردىكى دىنىي ئەخلاق قارىشى بويىچە، بۇ مەشرەپتە ئەر-ئاياللارنىڭ پەردە-پەرەنجىسىز بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشى ۋە ئۇسسۇل-ساما سېلىشىغا غەزەپلەنگەن ۋە ئۇنى شەرىئەتتىن چەتلىگەنلىك دەپ قارىغان بولسا، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەشرەپكە ئاساسلىقى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە ئالاھىدە چوڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلارلا چاقىرىلىدىكەن، مەشرەپنى شۇ جەمەت ياكى يۇرتتىكى قول ئىلكىدە بار، ھاللىق ئائىلىلەر ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئۆزئارا كۆرۈشۈش ۋە يىغىلىشنى مەقسەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا مەھەللە-يۇرتنىڭ مەخسۇس بېكىتىلگەن «چاي مۆتىۋەللىسى» بولۇپ، مەشرەپلەردىكى چاي قايىنتىش ۋە تەقسىملەش ئىشلىرىغا شۇ كىشى مەسئۇل بولىدىكەن. «ھۇزۇرۇم» مۇقامى توغرىسىدا كۆپلىرى مەشرەپتە ھەقىقەتەنمۇ بەزى مۇقاملار ئېيتىلىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ شۇ «ھۇزۇرۇم» مۇقامى شۇمۇ-ئەمەسمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھازىر بۇ مەشرەپنى قايتا ئۇيۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتى ئاساسەن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىيرەك ماتېرىيال ئىگىلەش مۇمكىن بولمىدى.

بۇ مەشرەپ ھەققىدىكى يازما تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن كىشىلەرنىڭ تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، مۇنداق بىر قانچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇق:

1. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كۆك چاي مەشرىپى ئاددىيلا كۆڭۈل ئېچىش، ئاممىۋى يىغىلىش خاراكتېرىدىكى پائالىيەت بولماستىن، ئالدى بىلەن شۇ رايون خەلقىنىڭ ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك دىنىي خاتىرىلەش پائالىيىتىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدىكەن. چۈنكى موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى»نىڭ 142-بېتىدە «... خوجا جاھانگىر تۆرەم مۇرادىغا يەتتى،... بۇ چاغدا ئەگەر ئەنجان تەرەپتىن غوجاملار كەلسە، ئاق تاغلىقلارنىڭ جاھان ئاپتىپى چىققاندەك بولۇپ، خۇشال-خۇرام بولۇپ كېتەتتى. قارا تاغلىقلار بولسا بېيجىڭدىكى غوجاملارغا نەزىر-ھەدىيە ئەۋەتىپ، مەدەت تىلەيتتى، بۇ غوجاملاردىن كۆك چاي تەۋەررۈك قىلىپ، سوۋغا-خالتا كېلەتتى. بۇلار بۇنى تەۋەررۈك چاي دەپ ناھايىتى ئەزىز-ئېتىبار بىلەن قارايتتى...» دەپ يازسا، 241-بېتىدە «... مۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ‹كۆك چاي مەشرىپى ئۆتكۈزگۈچىلەرنى› كۇبرەۋىيە سۇلۇكى دەپ ئاتاپ ئەقىدە قىلىدىكەن...» دەپ يازىدۇ. يەنە 244-بېتىدە «... توي-مەرىكە، نەزىر-چىراغ ۋە ئاما ئولتۇرۇشلىرىدا بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىدىكەن. لېكىن سۇلۇكلىرىنى ناھايىتى مەخپىي سىر قىلىپ ساقلايدىكەن. بىر-بىرىنىڭ تەۋەررۈك چاي ۋە نەزىرلىرىگە بارمايدىكەن ۋە بىر-بىرىنى چىللىمايدىكەن. ئەگەر ئارىلىشىپ قالسا چىقىپ كېتىدىكەن ياكى چىقىرىۋېتىلىدىكەن» دەپ يازىدۇ.

«كۆك چاي مەشرىپى» تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ:

بىرىنچى، قاچان، كىملەر بىلەن مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ئالدىنئالا بېكىتىلىدۇ ۋە ئىمكانقەدەر مەخپىي تۇتۇلىدۇ. مۇناسىۋەتسىز كىشىلەر قاتناشتۇرۇلمايدۇ.

ئىككىنچى، شۇ سۇلۇكنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئەر-ئاياللار باراۋەر ئولتۇرىدۇ ۋە ئۆزئارا ئۇسسۇل-ساما قىلىشقا يول قويۇلىدۇ.

ئۈچىنچى، چاي مۆتىۋەللىسى مەخسۇس بېكىتىلگەن سۇلۇك ئىچىدە مۇئەييەن نوپۇز ۋە ئورۇنغا ئىگە بولغان بولىدۇ. چاي تەقسىملەش ناھايىتى مۇھىم ۋە ئۇلۇغ ئىش قارىلىپ، نۇرغۇن شەرتلەرنى ھازىرلىغان كىشىلا ئاندىن بۇ ئىشقا قويۇلىدۇ.

تۆتىنچى، مۇقام ئېيتىپ نەغمە-ناۋا قىلىشمۇ ئۇلۇغ ئىش قاتارىدا كۆرۈلۈپ، قائىدە ۋە تازىلىققا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، گەرچە بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنى قارا تاغلىق ياكى پالانى سۇلۇككە تەۋە دېيىشكىنى بىلەن، ئۆز ئەقىدىلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى تولىمۇ يۈزەكى، پەقەت ساددا ئېتىقادىلا بولغان ئاددىي ئاۋام-پۇقرادۇر.



2. قارا تاغلىقلارنىڭ كۆك چاي مەشرىپىنىڭ ئۇچتۇرپان بىلەن، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئاقيار يېزىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، يەنىلا كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئاۋۋەلى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە خوجىلار «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دەپ ئايرىلىپ كەتكەن چاغلاردىلا، ئىشقىيەچىلەر قەشقەردىكى ياغدۇ، مەكىتتىكى شوردۆڭ قاتارلىق جايلارنى، ئىسھاقىيەچىلەر گۇمىدىكى سانجۇ، ئاقسۇدىن ئاقيار قاتارلىق جايلارنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت بازىسى قىلىپ كەلگەن ۋە تەسىرى تا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلانغان. شۇ تەرىقىدە ئاقيارمۇ قارا تاغلىق ئىسھاقىيەچىلەرنىڭ ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەردىكى مۇھىم بازىسى بولغان. چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىمۇ بۇلارنىڭ ئاق تاغلىقلار بىلەن بولغان تالىشىشلىرى مەخپىي داۋام قىلغان.

3. تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، كېيىنكى مەزگىللەردىكى «كۆك چاي مەشرىپى»نىڭ خاراكتېرىدە روشەن ئۆزگىرىش بولغان دېيىشكە بولىدۇ. جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ پەيدىنپەي ئۆزگىرىشى، ھەر خىل ئۇششاق مەزھەپ- سۇلۇكلەرنىڭ تەسىرىنىڭ ئاجىزلاپ ھەتتا يوقىلىپ بېرىشى، پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان مەرىپەتچىلىك، ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ تەرەققىياتقا بۇرۇلۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى «كۆك چاي مەشرىپى»مۇ ئاستا - ئاستا ھەقىقىي خەلق سەنئىتىگە ئايلانغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلىشقا باشلىغان. كېيىن ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا تىنچ - ئامانلىق، ئىناقلىق تىلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەتكە ئايلانغان. لېكىن، جەمئىيەت ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە زامانىۋى تېخنىكىلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىغا بولغان كۈچلۈك تەسىرى تۈپەيلى بۇ خىل مەشرەپ تۈرى ئاستا - ئاستا خەلقىمىز تۇرمۇشىدىن يوقىلىپ كەتكەن. قىسقىسى، بۇ مەشرەپنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر يورۇتۇش بىزدىن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ تارىخ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىگەندە، ئۇچتۇرپاندىكى «كۆك چاي مەشرىپى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن فولكلور ھادىسىسى تېخىچە بوز ھالىتىدە بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. «كۆك چاي مەشرىپى»دىن ئىبارەت بۇ تۈرنى تەتقىق قىلىش ۋە قېزىپ چىقىش مۇشۇ رايوندا ياشاۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت- سەنئىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىش جەريانىنى يورۇتۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتورلار: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)

www.uyghurkitap.com



# كېرىيەدىكى جۇۋان توي ئادىتى

نۇرنىسا باقى

كېرىيە — قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قەدىمىي جاي. كېرىيە خەلقى مېھماندوست، ئۇۋچىلىققا ھېرىسمەن، چايخۇمار خەلق. ئەرلىرى بېشىغا شاپاق بۆك، قارا كۆرپىدىن تىكىلگەن چوڭ قاسقانلىق تەلپەك، ئۇچىسىغا تونچە چاپان، تونچە يەكتەك كىيىپ، بېلىگە بەلباغ باغلاپ پىچاق ئېسىۋالىدۇ. ئاياللار تال-تال ئۇزۇن چاچ قويۇپ، بېشىغا كۆچا ئەلتىرە قوينىڭ نېپىز كۆرپىسىدىن تىكىلگەن كىچىك تەلپەك، ئۇچىسىغا ياقىلىق پەرىجە، ياقىلىق كۆڭلەك كىيىدۇ. كېرىيە ناھىيىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك پاسونى، تۇرمۇش ئادىتى ھازىرغىچە خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلمەكتە. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كېرىيە خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدىن بىرى بولغان جۇۋان تويىدۇر.

جۇۋان تويىنى جۇۋان بولغۇچىنىڭ ئېرى ياكى قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇيۇشتۇرىدۇ. تويىنىڭ ئالدىدا جۇۋان بولىدىغان ئايالنىڭ جۇۋان توي مۇراسىمىدا كىيىشى ئۈچۈن، جۇۋانچە كۆڭلەك، پەرىجە، ئاق داكا ياغلىق، كىچىك تەلپەك قاتارلىق كىيىملەر بىلەن چاچ تەڭگە، ئەتمە چاچ، خېنە قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تەييارلايدۇ، جۇۋاننىڭ ئېرى ئەھۋالىغا قاراپ زىرە، ئايخاڭ زىرە، (ئايخاڭزا) بىلەزۈك، ئۈزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدۇ.

**جۇۋانچە كۆڭلەك** — ئاق يىپەك رەختتىن سەرگەز بىلەن ئەستەرلەپ تىكىلىدۇ. بۇ مەخسۇس جۇۋان بولغان چوكانلار مۇراسىمدا كىيىدىغان كىيىم بولۇپ، ئادەتتە ئوڭ تەرەپ كۆكرەك ئۈستىگە ھەر خىل رەڭلىك يىپلاردىن توققۇز رەت، ھەر بىر رېتى 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا جىيەك چىقىرىلىپ، ياقىسىغا ۋە مەيدىسىگە رەڭلىك يىپتا جىيەك ۋە گۈل چىقىرىلىپ تىكىلىدۇ.

**پەرىجە** — بۇ ئالدى ئوچۇق پۈتۈن ئەستەرلىك ئۇزۇن كىيىم بولۇپ، تېگى چوقۇم قارا رەڭلىك تاۋار، خاڭدەن، دەمبىزە، دۇردۇن قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلىدۇ. بوي، ئوڭ، سول پەش، پەۋاز، يەڭ قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئايرىم ياقا سېلىنمايدۇ. ياقا ئورنى ئالدى پەش گىرۋەكلىرى، ئېتەك چۆرىسى، يەڭ ئۇچلىرى پۈتۈنلەي چاچرەڭ (سۇس ھاۋا رەڭ) رەخت بىلەن پەۋازلىنىدۇ. پەۋازنىڭ سىرت كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر، ئىچ ياندۇرمىسى ئۈچ سانتىمېتىر بولىدۇ، ئوڭ ۋە سول كۆكرەك ئۈستىگە يەتتە رەت 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قوۋۇرغا شەكىللىك جىيەك تۇتۇلىدۇ. پەرىجە تېگىنىڭ خاس قارا رەڭدە بولۇشى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «قارا» رەڭنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسىدىن كەلگەن بولۇپ، قارا رەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەم قارىشى بويىچە ئىنسانلار ئاپىرىدە بولىدىغان، ياشايدىغان زېمىننى يەنى تۇپراقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاق داكا ياغلىق** — بۇ كەڭلىكى 1×1 ياكى 1.5×1.5 مېتىر كېلىدىغان ئاق داكا، يىپەكتىن تەييارلىنىدۇ. مەنپۇگۇل تىكىلگەن داكا بولسىمۇ بولىدۇ.

**چاچ تەڭگە** — بۇ ئۆرۈمە چاچقا يانداشتۇرۇلۇپ ئېسىلىدىغان چاچ بېزىكى بولۇپ، بەزى جايلاردا «گۆيەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئەتمە چاچ** — ئاياللارنىڭ چۈشۈپ كەتكەن ياكى چۈشۈرۈۋەتكەن ئۆزۈن چاچلىرىنى رەتلەپ چاچ يىلتىزىنى بىرلەشتۈرۈپ، كىچىك بارماق چوڭلۇقىدا تەييارلانغان چاچ بولۇپ، ئادەتتە «يالغان چاچ» دېيىلمەي، «ئەتمە چاچ» ياكى «ئەتمە» دېيىلىدۇ.

**كىچىك تەلپەك** — بۇ خىل تەلپەكنىڭ شەكلى كىچىك پىيالىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئاستىنقى دىئامېتىرى ئۈچ-تۆت سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ. تەلپەك قارا يۇڭ يىپتىن توقۇلىدۇ. ئاستىنقى گىرۋىكىگە بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا يۇڭ يىپتىن تەكشى قىلىپ جىيەك تۇتۇلىدۇ. تەلپەكنىڭ ئىچىگە تاشلانغان يۇمشاق تېرىدىن ئەستەرلىك ئېلىنىدۇ. تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى دۇردۇن ياكى قارا گۈللۈك تاۋاردىن تىكىلىدۇ. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك باش كىيىمى بولۇپ، دۇنيا جىننىس رېكورتى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا جۇۋان بولىدىغان ئاياللار 35 تىن 40 ياشقىچە بولغان، بىردىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن، ئۆي ئىشلىرى، بالا تەربىيەلەش، ئەرلىرىنى كۈتۈشتە بىر قەدەر پىشقان چوكانلار ئۆتكۈزىدۇ. تويدىن ئىلگىرى يۈزىنى يېپىلايدۇ. يۈزىنى يېپىلاش — بىر تال ھالقىسمان بۆز يىپنى ۋاستە قىلىپ، پېشانە، چېكە، قاپاق، مەڭىز، ئاستىن-ئۈستۈن ئېڭەكلەردىكى سېرىق تۈكلەرنى ۋە قاشنىڭ ئاستى-ئۈستىدىكى رەتسىز مويلارنى يۇلۇپ تاشلاش دېگەنلىك بولۇپ، بەزى جايلاردا «قاپاق تېرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۈزىنى يېپىلاشتا پىششىق ئېگىرىلگەن 80 سانتىمېتىرلىق بىر تال بۆز يىپنىڭ ئىككى ئۇچى بىرلەشتۈرۈلۈپ چىگىلىپ ھالقا ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. شۇ ھالەتتە يىپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىگە مىنگەشتۈرۈلگەن قىسمى يۈزنىڭ تازىلانماقچى بولغان يېرىگە تەككۈزۈلۈپ بارماقلار ئېچىلىش-يۇمۇلۇش شەكلىدە ئوڭ-سولغا تولغانما ھەرىكەت قىلىدۇ. يۈزدىكى سېرىق موي ۋە رەتسىز تۈكلەر يىپقا يۆگىشىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىراي گۈزەللەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا چىراي گۈزەللەشتۈرۈش جۇۋان تويدىن باشلىنىدۇ. كېيىن داۋاملىق داۋاملاشتۇرىدۇ. ئومۇمەن، بىرەر ئايدا بىرەر قېتىم يېپىلىنىدۇ. يۈز يېپىلاشنى دەسلەپتە تەجرىبىلىك ئاياللار ئىشلەپ بېرىدۇ. يېڭى جۇۋانلار بىر نەچچە قېتىم مەشىق قىلغاندىن كېيىن، تەجرىبە توپلاپ پىشىدۇ-دە، ئەينەككە قاراپ تۇرۇپلا يېپىلايدۇ.

**جۇۋان تويدىكى قائىدە-يوسۇنلار** — جۇۋان تويىغا ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا، ئەر-خوتۇنلارنىڭ دوست-بۇرادەرلىرى بولۇپ 50تەك مېھمان چاقىرىلىدۇ. دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىشىدۇ. مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇن جۇۋان بولىدىغان ئايالنىڭ چېچى ئىككى ئۆرۈم ئۆرۈلىدۇ (چېچى ئاز ياكى قىسقا بولسا چاچ سېلىپ ئۆرۈلىدۇ)، يۈزى يېپىلىنىدۇ. ئۇپا سۈرۈپ، قېشىغا ئوسما قويۇپ، كۆزىگە سۈرمە تارتىلىدۇ. تىرناقلىرىغا خېنە قويۇلىدۇ. مەخسۇس تەييارلانغان جۇۋانچە كۆڭلەك، پەرىجە كىيىپ بېشىغا ئاق ياغلىق سېلىپ، ياغلىقنىڭ ئۈستىگە كىچىك تەلپەك كىيگۈزۈلىدۇ. بۇ جاھانغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى «ئانا»نىڭ كېلىشكەن سىماسىنى ئەسلىتىدۇ. جۇۋاننىڭ كىيىمىنى شۇ جەمەتتە ياكى شۇ مەھەللىدە ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئانا يوللۇق ئايال ئۆز قولى بىلەن كىيگۈزىدۇ. كونىلاردا شۇنداق قىلسا بۇ ئايالنىڭ پەزىلىتى بۇ جۇۋانغا ئۇدۇم بولۇپ قالارمىش دەيدىغان قاراش بار. جۇۋان چىرايلىق ياسىنىپ بىر-ئىككى دوستىنىڭ ھەمراھلىقىدا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. مېھمانلار بىردەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۈچ قېتىمدىن «مۇبارەك بولسۇن» دەپ دۇئا قىلىپ بەخت تىلەيدۇ. جۇۋان ھەممەيلەن بىلەن بىر قۇر كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن كىيىمنى ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ كىيىم ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىدۇ.

جۇۋان توي بۇرۇنلاردا مەخسۇس مۇشۇنداق سورۇن تۈزۈپ ئۆتكۈزۈلگەن بولسا ھازىر تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ قىزنىڭ 1-ياكى 2-تۇغۇتىدا ياكى بولمىسا شۇ جەمەتتىكى بىرەر كاتتا مۇراسىمغا توغرىلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. بۇ توي بۇرۇن ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئورتاق بولسا ھازىر پەقەت كېرىيەدىلا مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

كېرىيە خەلقى ئىچىدە ئىزچىل ساقلىنىپ كېلىۋاتقان جۇۋان توي مۇراسىمى ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن بىر خىل ئۇنۋان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەنمۇ نۇرغۇن جۇۋان تويلارغا قاتناشقان ھەمدە يېقىندا ئۆزۈممۇ بۇ شەرەپكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ جۇۋان توي ئادىتىنى بۈگۈنكى پارلاق مەدەنىيىتىمىزدىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ئۆزگىچە نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)



# مەسەللەر



## پاشا بىلەن بوغۇن

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئادالەتلىك پادىشاھىنىڭ سورۇنىدا بوغۇن بىلەن پاشا ئۆزئارا قۇدىلاشماقچى بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنى تويلۇق ئىشىنى كېلىشمەكچى بولۇپ بوغۇن پاشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. نېرى - بېرى پاراڭلاردىن كېيىن بوغۇن نەق گەپكە كېلىپ تويلۇق توغرۇلۇق سۆز ئېچىپتۇ ۋە «قىزىڭىزغا قانچىلىك تويلۇق بەرسەم رازى بولۇرسىز؟» دەپ سوراپتۇ. پاشا «مىڭ، مىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان بوغۇن «پۇلىنىچۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن، پاشا يەنە «مىڭ، مىڭ، مىڭ» دەپتۇ. بوغۇن نېمىلا دېسە پاشا «مىڭ، مىڭ، مىڭ» دەپ قاتتىق تۇرۇۋېلىپتۇ. بۇنداق يولسىزلىقتىن قاتتىق رەنجىگەن بوغۇن «بولمايدۇ، بولمايدۇ، بولمايدۇ! بۇنداق تويىنى زادى قىلمايمەن، قىلمايمەن» دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پاشا «مىڭ، مىڭ، مىڭ» دەپ يۈرۈپ دېگىنىدىن يانمايدىكەن. بوغۇنمۇ «بوك، بوك، بوك» قىلىپ پاشىنىڭ دېگىنىگە كۆنمەيدىكەن. پاشىنىڭ غىڭىلدىشى، بوغۇننىڭ بوكۇلدىشى مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## تۈلكە بىلەن قاپقان

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ئاداۋەت يوق تۇرسا، — دېدى قاپقانغا دەسسەپ سالغان تۈلكە زارلىنىپ، — نېمە ئۈچۈن پۇتۇمنى قىسۋالىسەن؟ مەن ساڭا زادى نېمە يامانلىق قىلغان؟

— بۇنى مېنى قۇرغان ئىگەمدىن سورا، — دېدى قاپقان تۈلكىنىڭ پۇتىنى تېخىمۇ چىڭ قىسىپ، — ئىگەمنىڭ تۈلكە ياقىلىق جۇۋا كەيگۈسى كېلىپ قالغاندۇ ياكى سېنىڭ توخۇ ئوغرىلىغانلىقىڭنى بىلىپ قېلىپ، ئەدىپىڭنى بېرىپ قويماي دېگەندۇ؟ ئىشقىلىپ بۇنىڭ سەۋەبى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزۈڭگە ئايانغۇ دەيمەن.

تۈلكە لام - جىم دېيەلمەي ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى - دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

## چىرايلىق ئالتۇن بېلىق

ھەر كۈنى دېگىدەك ئۆزىنىڭ چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان زەر پوستى، شەپەقتەك رەڭدار كەلگەن يايما قۇيرىقى بىلەن ماختىنىدىغان ئالتۇن بېلىق بۇگۈنمۇ تەڭتۇشلىرى ئالدىدا چىرايلىقلىقىنى بىر پەس كۆز-كۆز قىلغاندىن كېيىن سۇپسۇزۇك سۇ بېتىگە چىقتى - دە، ئۇياندىن-بۇيانغا نازلىنىپ ئۈزۈشكە باشلىدى.

ئۇ كۆل بويىدا ئولتۇرغان باللارنىڭ ئاغزىنى چاكىلدىتىپ: «پاھ، ئەجەبمۇ چىرايلىق بېلىقكىنا بۇ!» دېيىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي گاھ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ، گاھ گىرۋەككە يېقىن كېلىپ پىلتىڭلاپ، ھەر خىل قىلىق چىقارغىلى تۇردى. سۇ يۈزىدە چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا كۆركەم تاۋلىنىپ باللارنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىش كويىدا بولۇپ كەتكەن ئالتۇن بېلىق تۇيۇقسىز تاشلانغان توردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا سۇدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

— ئاھ ئىست!— دېدى ئۇ توردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلغان ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆكۈنگەن ھالدا،— شۇنچە ئىشەنگەن گۈزەل جامالىمنىڭ ئاخىرىدا ئۆز بېشىمغا چىقىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟!

## بۇركۇت بىلەن قۇشقاچ

قۇشقاچ بۇركۇتنىڭ ئېگىز ئاسماندا لەرزان پەرۋاز قىلىپ، يىراق-يىراقلارغا ئەركىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم ھەسەت قىلىپ: «ھەي، ئىست، مېنىڭمۇ ئىككى قانىتىم تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇركۇتتەك ھەم ئېگىز، ھەم يىراققا ئۇچالمايمەن» دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى قۇشقاچ بۇركۇتنى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭغا: «ھەي بۇركۇت، مەن نېمىشقا ساڭا ئوخشاش ھەم ئېگىز، ھەم يىراقلارغا ئۇچالمايمەن؟ سەن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟» دەپتۇ. قۇشقاچنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بۇركۇت مىيىقىدا كۈلۈپ: «بۇنىڭدا نەدىمۇ سىر بولسۇن؟ مەن ئۇچقاندا ھەرگىز ساڭا ئوخشاش يەردىكى پارچە-پۇرات دانلارغا، سېسىق گەندە ئۇۋاقلىرىغا، كىچىك قۇرتلارغا نەزەرىمنى سېلىپ تۇرمايمەن. ئۇ نەرسىلەرگە ھەرگىز نەپسىمنى قارىتىپ ئۇچمايمەن. سېنىڭ ماڭا ئوخشاش ھەم ئېگىز، ھەم يىراقلارغا ئۇچۇش نىشانىڭ يوق تۇرسا، قانداقمۇ ماڭا ئوخشاش ھەم ئېگىز، ھەم يىراقلارغا ئۇچالايسەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

توپلىغۇچى: مەنسۇرجان تۇرسۇن
(ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)

# ھېكايەت

بۇرۇن ساھىب كاپى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ كاتىپ-خادىملىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بىرسىنىڭ قوشۇقىدا بىر تال قىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۇ كىشىگە:

— قوشۇقۇڭدا قىل بار ئىكەن، ئېلىۋەت، — دەپتۇ. ئۇ كىشى قوشۇقنى قويۇپ، تامىقنى يېمەستىن قوپۇپلا چىقىپ كېتىپتۇ. مەجلىس ئەھلى پەرىشان بوپتۇ. پادىشاھ تاماقتىن كېيىن ئۇ كىشىنى چاقىرىپ:

— نېمە ئۈچۈن چىقىپ كېتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— قولۇمغا ئالغان لوقمىدا بىر تال قىلنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ تائامنى قانداق يېگىلى بولسۇن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خىجىل بولۇپتۇ.

دېمەك، تاماق يېگەندە ئۆز ھالىڭ بىلەن بول، باشقىلارنىڭ لوقمىسىغا قارىما. كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالما، تۈرلۈك تاماقنى بىر-بىردىن يېيىش لازىم. بىر تۈرلۈك تائامنى يەپ بولۇشقا يەنە بىر خىل غىزانى ئەكىرگۈلۈك. تائام داستىخاندا بىر ئاز تۇرسۇن. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ بىرىنچى خىل تائامغا ئىشتىھاسى بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى تائام تەبىئىتىگە ياقمايدىغان بولسا يېيەلمەي ئاچ قالمىسۇن. تائامنى تۇزلۇق، تۇزسىز بولۇپ قاپتۇ دەپ كايىما.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئەمەت ئاخۇن
توپلىغۇچى: ھوشۇر ئەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# «دولان مۇقامى» بىلەن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى توغرىسىدا

تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

**1. «دولان مۇقامى» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە**

دولان مۇقامى ــــ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ خەلق
مۇقاملىرى تۈرىگە تەۋە بولغان كۈي- نەغمىلىرىنى ئورۇن-
داش شەكلى بولۇپ، ئۇ قەدىمىلىكى، بىر قەدەر ئىپتىدا-
ئىيلىقى، بوستانلىق، يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈك-
لۈكى ۋە ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلە-
رى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىگە ۋەكىللىك
قىلىدۇ. ئۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ئىپتىدا-
ئىي قەدىمكى مەنبەلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «دولان خەل-
قىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش دەۋرلەردىن بۇيانقى مەدەنىيەت-
سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى، گۈزەل- سەنئەت تۇيغۇلىرىنى، ھا-
ياتلىق قاراشلىرىنى، پسخىك خاراكتېر چۈشەنچىلىرىنى،
جۈملىدىن مەنتىقە پىكىرلەر قاتلىمىنى كۆرسىتىپ بېرەلەي-
دىغان ئۆزگىچە تەپەككۇر جەۋھىرىنىڭ بۇلىقى»①،
ئۇيغۇر مەدەنىيەت- سەنئەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك
مەدەنىي مىراسلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالىم ـ تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەكەن، تىزناپ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن باشلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگىچە بولغان رايونلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى «دولانلار» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلارمۇ «دولان مەدەنىيەت رايونى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشماقتا. «مانا شۇ دولانلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق تارىخىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدىن يالغۇز ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىققا ئائىت مول ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، مەۋجۇتلۇق روھى، ھاياتلىق ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەخلاق قائىدىلىرى بەدىئىي زوق ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەنگەن دولان قەدىمكى مۇزىكا ئۇسسۇل سەنئىتى، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قامۇسى ھېسابىدىكى ‹دولان مەشرەپ مۇقاملىرى› نىمۇ قالدۇردى»②.

«دولان مۇقامى» ئاساسلىق قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت، مارالبېشى ناھىيەلىرىگە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاقسۇ شەھىرى، ئاۋات، ئونسۇ ناھىيىلىرىگە تارقالغان. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، يوپۇرغا ناھىيەلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ توقسۇ، كۇچا ناھىيەلىرى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كورلا شەھىرى، بۈگۈر، باغراش ناھىيەلىرى ۋە تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايىتىگىچە بولغان رايونلاردىمۇ «دولان مۇقامى»نىڭ تەسىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ③.

«دولان مۇقامى»مۇ خۇددى باشقا مۇقاملارغا ئوخشاش يۈرۈشلەشكەن ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇزىكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئىچىدىكى پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا «دولان مۇقامى»مۇ باشقا ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئوخشاش 12 يۈرۈش بولۇپ ھازىر بىزگە يېتىپ كېلىپ توپلىنىپ، رەتلىنىپ نۇسخىسى تۇرغۇزۇلغانلىرى پەقەتلا توققۇز مۇقامدىن ئىبارەت. قالغانلىرى بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. مەكىت، مارالبېشى، ئاۋاتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ناھىيەگە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن «دولان مۇقامى»نىڭ نامى ۋە رەت تەرتىپى توغرىسىدا ئوخشاشلىقلارمۇ، قىسمەن پەرقلەرمۇ ساقلانغان.

**مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات ئۈچ ناھىيەگە تارقالغان «دولان مۇقامى»ناملىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

| رەت نومۇرى | مەكىت ناھىيەسى | مارالبېشى ناھىيەسى | ئاۋات ناھىيەسى |
|---|---|---|---|
| 1 | زىل باياۋان مۇقامى (باش باياۋان مۇقامى) | زىل باياۋان مۇقامى | باش باياۋان مۇقامى |
| 2 | ئۆزھال باياۋان مۇقامى | بوم باياۋان مۇقامى | بوم باياۋان مۇقامى |
| 3 | راك باياۋان مۇقامى (چۆل باياۋان مۇقامى) | ئۆزھال باياۋان مۇقامى | سىم باياۋان مۇقامى |
| 4 | مۇشاۋرەك باياۋان مۇقامى (ئۆتەڭ باياۋان مۇقامى) | مۇشاۋرەك باياۋان مۇقامى | باياۋان مۇقامى (ئەرزھال باياۋان مۇقامى) |
| 5 | بوم باياۋان مۇقامى | ئەرزھال باياۋان مۇقامى | موغال باياۋان مۇقامى |
| 6 | جۇلا مۇقامى | جۇلا مۇقامى | سامۇق باياۋان مۇقامى |
| 7 | سىم باياۋان مۇقامى | خۇدەك باياۋان مۇقامى | جۇلا مۇقامى |
| 8 | خۇدەك باياۋان مۇقامى | سىم باياۋان مۇقامى | چۆل باياۋان مۇقامى |
| 9 | دۇگامەت باياۋان مۇقامى | ناۋا مۇقامى | دۇگامەت مۇقامى |
| 10 | (باياۋان مۇقامى) | چۆل باياۋان مۇقامى (چۆل بىيەك مۇقامى) | |
| 11 | (بايات مۇقامى) | دۇگامەت مۇقامى | |
| 12 | (چارگاھ مۇقامى) | قەمبەرخان باياۋان مۇقامى | |

www.uyghurkitap.com



يۇقىرىقى جەدۋەل، «دولان مۇقامى»نىڭ ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك ھالىتى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان گۈرۈپپىنىڭ دالا تەكشۈرۈش نەتىجىسگە ئاساسەن تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بەزى ئالىم-تەتقىقاتچىلارنىڭ بايانلىرىدىن سەل پەرقلىنىدۇ. مەكىتكە تارالغان دولان مۇقاملىرىدىن بىزگە يېتىپ كەلگىنى پەقەت توققۇز مۇقام بولۇپ، تىزناق ئىچىدە كۆرسىتىلگەن «باياۋان»، «بايات»، «چارىگاھ» مۇقاملىرى يوقىلىپ كەتكەن. مارالبېشىدىكى مۇقامچىلار 11 يۈرۈش مۇقامنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى ئىككى مۇقامنىڭ قۇرۇلمىسى تولۇق ئەمەس، 10-يۈرۈش مۇقامنىڭ ئاھاڭىدىكى چاچما مۇقەددىمە ئاھاڭىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەتتىنچى مۇقام يەنى «خۇدەك باياۋان» مۇقامىنىڭ ئاھاڭىغا ئوخشىشىدۇ. شۇڭا مارالبېشىدا ساقلىنىپ قالغان دولان مۇقامىمۇ پەقەت توققۇز يۈرۈشتىنلا ئىبارەت.

«دولان مۇقامى» مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن «مۇقەددىمە»، «چېكىتمە»، «سەنەم»، «سەلىقە»، «سىرىلما» قاتارلىق بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭدىكى «مۇقەددىمە»نىڭ مەنىسى «كىرىش سۆز، باشلىنىش، باشلانما» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «چېكىتمە» دېگەن سۆز بولسا «چېكىت، تىنىش، ئۇدار» دېگەن سۆزلەردىن ئۆزگەرگەن. «سەلىقە»، (سەنقەس) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ «سەلىق» (بەزى ئالىملار ئۇنى «قىزىقىش، ئارزۇ-تىلەك» دەپمۇ چۈشەندۈرىدۇ) دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. «سىرىلما» سۆزىنى بولسا بەزى ئالىملار «يۇمشاق، سىلىق» دەپ چۈشەندۈرىدۇ④.

ھەر بىر يۈرۈش دولان مۇقامى مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن ئاساسىي ئاھاڭ بىلەن مېلودىيە شەكلى باشتىن-ئاخىر سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. يەنە كېلىپ ئورۇنداشتا ئۇدار، رىتىمنى ئۆزگەرتىش ئاساسىي ۋاستە قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا مۇزىكا ساھەسىدىكى ئالىم تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «دولان مۇقامى»نىڭ ئاھاڭى «بىر لا كۈي شەكلىنى دەۋر قىلىپ ئورۇندىلىدىغان يۈرۈشلۈك ئاھاڭ» دەپ قارالماقتا.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «دولان مۇقامى» مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن بەش چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمى «مۇقەددىمە» (مۇقام بېشى) قىسمى ئەركىن چاچما ئۇداردا، ئىككىنچى قىسمى «چېكىتمە» 3/4 ئۇداردا، ئۈچىنچى قىسمى «سەنەم» 4/4 ئۇداردا، تۆتىنچى قىسمى «سەلىقە» 2/4 ئۇداردا، بەشىنچى قىسمى «سىرىلما» 2/4 ئۇداردا بولىدۇ.

## «دولان مۇقامى»نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تاكتلىق ئۆزگىرىش ئەندىزىسى

| كۈي نامى | سۈرئەت | ئۇدار | رىتىم ھالىتى |
|---|---|---|---|
| مۇقەددىمە | ئاستا تاكت | ‡ | |
| چېكىتمە | ئاستا تاكت | 7/8 | تاك دۇم 0 دۇم تاك دوم \| تاك تاك دۇم 0 دۇم تاك دوم ياكى 0تاك دۇم دۇم. دۇم تاك ‖ |
| سەنەم | ئوتتۇرا تاكت | 7/8 | دۇم تاك تاك دۇم تاك تاك \| دۇم دۇم تاك ‖ |
| سەلىقە | كىچىك تېز تاكت | 2/4 | دۇم.تاك 0 دۇم تاك ‖ |
| سىرىلما | تېز تاكت | 5/8<br>2/4 | دۇم تاك دۇم ‖<br>دۇم.تاك دۇم ‖ ياكى دۇم تاك دۇم ‖ (3) |

«دولان مۇقامى» باشقا مۇقاملارغا سېلىشتۇرغاندا
ھەجمى خېلىلا كىچىك، جەمئىي 45 ئاھاڭدىن تەركىب
تاپقان بولۇپ، ھەر بىر يۇرۇش مۇقامنى ئالتە~ توققۇز
مىنۇتتا ئورۇنداپ بولغىلى بولىدۇ. توققۇز يۇرۇش مۇقام-
نى ئورۇنداشقا بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت كېتىدۇ.

**2. «دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقلىرى**

دولان مۇقامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مۇزىكا خەزى-
نىسىدىكى قىممەتلىك مىراسلىرىنىڭ بىرى، ئۇ پەقەت
دولان ئۇيغۇرلىرى توپلىشىپ ياشىغان رايونلاردىلا ساقلى-
نىپ قالغان بولۇپ، باشقا يەرلىك مۇقام ياكى ناخشا-مۇ-
زىكىلارنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمىغان، شالغۇتلاشمى-
غان. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدا قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك،
مىللىي ئالاھىدىلىك ساقلىنىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ
قەدىمكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇيغۇر
كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر مۇ-
قاملىرى ۋە مۇزىكا تۈركۈملىرىدىن ھاسىل بولغان[5].

«دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇ-
قامى» نىڭ ھەر ئىككىسىلا ئالدى بىلەن چوڭ جەھەتتىن
ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي
دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تارىخى، ئارزۇ-ئار-
مانلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، مۇزىكا تىلى ئارقىلىق
بايان قىلغان سەنئەت قامۇسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ. بىز
«دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»-
نى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلاردا تۆۋەندىكى
جەھەتلەردە ئورتاقلىق-يېقىنلىق ۋە پەرقلەر، خاسلىقلار-
نىڭ بولغانلىقىنى بايقاپ ئالالايمىز.

1) ئورتاقلىقلىرى

بىرىنچى، مەيلى «دولان مۇقامى» بولسۇن، مەيلى
«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بولسۇن ھەر ئىككىلىسى
ئوخشاشلا مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ
مۇھىم ئامىلدىن قۇرۇلغان. بۇ ئۈچ مۇھىم ئامىلنى مۇقام-
نىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇقام
سەنئىتىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى دېيىشكە بو-
لىدۇ. ناۋادا بۇ ئامىللاردىن بىرى كەم بولسا، مۇقام
كەمتۈك بولۇپ قېلىپ، مۇقام قېلىپىغىمۇ چۈشمەيدۇ. شۇن-
داقلا ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى، ئىجتىمائىي رولىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچى، «دولان مۇقامى»نىڭ كۈچ-ئاھاڭلىرى
بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ كۈي-ئاھاڭلى-
رى مۇئەييەن ئورتاقلىقلارغا ئىگە.

دولان مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭلىرى ئاددىي-ساددا،
يەرلىك پۇراقلىرى كۈچلۈك، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقا-
مى»نىڭ نەغمە-ئاھاڭلىرىدەك كۆپ خىل، قۇرۇلمىسى
مۇرەككەپ، مۇزىكىلىق فورماتسىيىسى ۋە كۈي شەكىللى-
رى كۆپ خىل بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسى-
دا مۇئەييەن باغلىنىش ۋە قانۇنىيەت بارلىقىنى بىلىشكە
بولىدۇ. چۈنكى «مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئورۇندىغاندا،
مىللىي شۆۋنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆپلىگەن زىن-
نەتلىمە ئاۋازلار ئۇچرايدۇ. بۇ زىننەتلىمە ئاۋازلار چالغۇ-
چىلارنىڭ سازنىڭ پەدىسىدە ئەسلىي ئاۋازدىن تېيىلدۇ-
رۇش، دولقۇنلىتىش (تىترىتىش)، يۇقىرى-تۆۋەن
سىيرىش ۋە تارتىشتەك چېلىش ماھارىتى ئارقىلىق ئىپا-
دىلىنىدۇ. بەزىدە ئاۋازلارنى ۋاقىتلىق كۆتۈرۈش-چۈشۈ-
رۈش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ
مىللىي پۇرىقىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، ئاھاڭنىڭ مەھلىيا
قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ ھەمدە مىللىي كۈي
شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ. بۇ
مۇقام ئاھاڭلىرىدىلا قوللىنىپلا قالماي، پۈتۈن خەلق
مىللىي ئاھاڭلىرىدىمۇ داۋاملىق قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان
ئورتاق ئالاھىدىلىك[6].

ئۈچىنچى، «دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون
ئىككى مۇقامى» نىڭ ئورتاقلىقىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى
شۇكى، ھەر ئىككىسى شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئ-
ئىينەزەر، ئوخشاشلا 12 يۇرۇشتىن ئىبارەت سىستېمىغا
ئىگە بولغان[7].

تەتقىقاتچىلارنىڭ «دولان مۇقامى» ھەققىدىكى تەك-
شۈرۈشلىرىدىن قارىغاندا «دولان مۇقامى» ئەسلىدە ئون
ئىككى يۇرۇش بولۇپ، ھازىرچە بىزگە يېتىپ كېلىپ رەت-
لىنىپ تەتقىق قىلىنغانلىرى توققۇز يۇرۇشتىن ئىبارەت.
بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئۈچ يۇرۇشىنىڭ يوقىلىپ كەت-
كەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئېلى
ماموت، مەمتىمىن ئەھەتلەر تۈزگەن، مارالبېشى ناھىيەسى
1996-يىلى بېسىپ تارقاتقان «دولان ئون ئىككى مۇقا-
مى» ناملىق كىتابچىدا دولان ئون ئىككى مۇقامىنىڭ نام-
لىرى، تارىخى، تارقىلىش ئەھۋالى ۋە تېكىستلىرى كىرگۈ-

uyghurkitap.com



زۇلگەن.

«دولان مۇقامى» ناملىرى ئىچىدە يەنى «ئۈزھال باياۋان مۇقامى»، «راك باياۋان مۇقامى»، «مۇشاۋرەك باياۋان مۇقامى» قاتارلىق ئۈچ مۇقامنىڭ نامى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىرى ئىچىدىكى «ئۈزھال، راك، مۇشاۋرەك» ئىبارىلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا، «جۇلا مۇقامى»نىڭ نامى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ شۆبە نامىدىن كەلگەن. دېمەك، دولان مۇقاملىرى ئىچىدە تۆت مۇقامنىڭ نامى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ناملىرى ۋە شۆبە ناملىرى بىلەن ئورتاق دېيىشكە بولىدۇ.

2) پەرقلىرى:

بىرىنچى، «دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» مۇزىكىلىق جەھەتتە روشەن پەرقلەرگە ئىگە.

«دولان مۇقامى» مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن «مۇقەددىمە»، «چېكىتمە»، «سەنەم»، «سەلىقە»، «سېرىلما»دىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بولسا «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سۇئتۇققا بۆلۈنگەن. «چوڭ نەغمە» قىسمى ئۆز ئىچىدىن يەنە ئون ئىككى شۆبىگە، «داستان»، «مەشرەپ» قىسىملىرىمۇ يەنە ئۈچتىن-بەشكىچە داستان، مەشرەپلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇنتىزىم، مۇرەككەپ، زور ھەجىمگە ئىگە.

ئىككىنچى، «دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ نام-ئاتالغۇلىرى پەرقلىق.

ئالدىنقى ماۋزۇدا «دولان مۇقام» ناملىرى بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىرىدا بەزىبىر ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغاندۇق. بۇ پەقەت قىسمەنلىكتىن ئىبارەت خالاس. دولان مۇقاملىرىدىكى مۇقام ناملىرى (زىل باياۋان، چۆل باياۋان، ئۆتەڭ باياۋان، بوم باياۋان، سىم باياۋان، دۇگامەت باياۋان)، قۇرۇلما ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نامى ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان ناملار بولۇپ ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىللاردىن كىرگەن نام-ئاتالغۇلار ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك پەقەت «دولان مۇقامى» بىلەن «قومۇل مۇقامى»دىلا ئۇچرايدۇ. ھەتتا دولانلىقلار «مۇقام» سۆزىنى ئاساسەن ئىشلەتمەي بۇ سۆزنىڭ ئورنىغا ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان تەۋەررۇك ئىسىم «باياۋان»نى ئىزچىل ئىشلىتىپ كەلگەن. بۇ پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك بىر خىل خاسلىق — ئالاھىدىلىك دېيىشكە بولىدۇ.

«دولان مۇقامى» مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بەش قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «مۇقەددىمە»، «چېكىت»، «سەنەم»، «سەلىقە»، «سېرىلما» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار ئۇچۇن خېلىلا تونۇش ۋە چۈشىنىشلىكتۇر.

ئۈچىنچى، «دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ تېكىستلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەجىم جەھەتتىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن توققۇز يۈرۈش دولان مۇقامىنىڭ تېكىستى ئاساسەن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەلق قوشاق-بېيىتلىرىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، تەخمىنەن 466 مىسرا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستى ئۆزگىرىشچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بەزى تېكىستلەر نەق مەيدان، سورۇن كەيپىياتىغا قاراپ داۋاملىق توقۇلىدۇ. شۇڭا بەزىلەر دولان مۇقام تېكىستلىرى تۇراقلىق ئەمەس، دېيىشمەكتە. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرى ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر قىسمى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى. كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» غا 44 نەپەر كىلاسسىك شائىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئالتە خىل بەھرىدە يېزىلغان 2524 مىسرادىن ئارتۇق تاللانغان، پاساھەتلىك غەزەللىرى تېكىست قىلىنغان بولۇپ، مۇقام تېكىستلىرىنىڭ 70% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى مۇنتىزىم، قېلىپلاشقان. شۇڭا «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تېكىستلىرىدە خەلق قوشاقلىرى داستانلاردىن پارچىلار بولسىمۇ (1097 مىسرا)، لېكىن ئومۇمىي ھەجىم جەھەتتىن «دولان مۇقامى» تېكىستلىرىنى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش، پىكىر بايان قىلىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

تۆتىنچى، «دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نى ئورۇنداشتا ئىشلىتىلىدىغان چالغۇلار ئوخشاش ئەمەس.

«دولان مۇقامى» دولان رايونىغا كەڭ تارقالغان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن قالۇن، دولان راۋابى، دولان غىجەكى ۋە نەغمە دېپى قاتارلىق تۆت چالغۇنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئورۇندىلىدۇ. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بولسا ساتار، غىجەك، خۇشتار، تەنبۇر، دۇتار، راۋاب، قالۇن، چاڭ، نەي، سۇناي، بالىمان، داپ، ناغرا، ساپايى، تاش، قوشۇق قاتارلىق 16 خىلدىن ئارتۇق چالغۇنىڭ قاتناشتۇرۇلۇشى بىلەن ئورۇندىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال باشقا مىللەتلەر مۇقاملىرىدىمۇ ئاز كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

بەشىنچى، «دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بولسۇن، ئۇلار فولكلور مەدەنىيىتى بولغانلىقى ۋە مۇزىكا، ناخشا ۋە ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىلدىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۈچۈن، ھەر ئىككى خىل مۇقامدا ئۇسسۇل كەم بولسا زادىلا بولمايدۇ. «دولان مۇقامى»دا دولان خەلقى ئارىسىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلاد تارقىلىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «دولان ئۇسسۇلى» ئوينىلىدۇ. يەنى «دولان ئۇسسۇلى»نىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە ئوينىلىش قائىدىلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ.

دولان مۇقامىدىكى ھەر بىر مۇقام ئەڭ ئاۋۋال دولان قانۇنىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئەلنەغمىچىلەر ئىچىدىكى تونۇلغان بىر كىشى تەرىپىدىن ئەڭ ياڭراق، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن لەرزان «مۇقەددىمە» باشلىنىدۇ. «مۇقەددىمە» ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭلا دولان كىچىك دېپى بىلەن بارلىق ئەلنەغمىچىلەر دولان مۇقامىنىڭ چېكىتمە ئۆزگىرىشىگە كىرىشىدۇ. بۇ چاغدا سورۇندىكى بارلىق مەشرەپ ئەھلى خالىغانچە ئەر-ئاياللار جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇسسۇلغا چەك قويۇلمايدۇ، پەقەت سورۇننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئىش كۆرۈلىدۇ. ئۇسسۇلغا چۈشكۈچىلەر لەرزان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئاجايىپ سالماقلىق بىلەن چاققان، نەپىس، يېنىك قەدەم بىلەن ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ قىسمىدىكى ئۇسسۇلدا ئەرلەر قولنى نۆۋەت بىلەن ئوڭ-سولغا تاشلاپ، ئوڭغا يېرىم، سولغا يېرىم ئايلىنىدۇ. مەيلى ئوڭغا، مەيلى سولغا ئايلىنىشتا بولسۇن، ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتتىن باشلىنىپ ئۈچ قەدەم تاشلىنىدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە ئوڭ پۇت يېرىم بۇرۇلۇپ، سول پۇتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توغرىسىغا يەنى T شەكلىدە توختايدۇ-دە، سول پۇتمۇ دەرھاللا يۆتكىلىپ سولغا يېرىم بۇرۇلۇپ، ئوڭ پۇتنىڭ ھەرىكىتىنى تەكرارلايدۇ. مۇشۇ قېلىپتىكى ھەرىكەت بىر مەھەل سازەندىلەر، نەغمىچىلەرگە قاراپ تەكرار داۋاملىشىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى ئەرلەر ئۇسسۇلىدىكى ئىككى قولنىڭ ماس ھەرىكىتى دولانلىقلارنىڭ بوك-باراقسان ئورمانلار، چاتقاللار يېرىپ، ئۆز دۈشمەنلىرى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقىتىش يولىدا كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، ئاياللارنىڭ ھەرىكىتىمۇ ئەرلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ماس ھالدا، بىردە ئوڭ قولنى، بىردە سول قولنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەرلەرنىڭ داۋاملىق غەلىبىسىگە ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئىككى قولدا نۆۋەت بىلەن تۇن قاراڭغۇسىنى مەشئەل بىلەن يورۇتۇپ بېرىۋاتقانلىقتىن ئىبارەت مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ چاغدىكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قارايدىغان بولساق، پۈتۈن مەيداندىكى جۈپ-جۈپ ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئاياغ-قول، بەدەن ھەرىكىتى شۇنداق رىتىملىق، شۇنداق چاققان بولىدۇكى، خۇددى بىرلا كىشىنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىدەك كۆرۈنۈشنى ھېس قىلىمىز.

دولان مۇقامىنىڭ ھەر بىر مۇقامى چېكىتمىدىن «سەنەم» باسقۇچىغا كۆچكەندە ئۇسسۇلمۇ ئۆزگىرىپ، ھەرىكەت تېخىمۇ تېزلىشىدۇ. ھەرىكەتنىڭ تېز بولۇشى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۈشمەنلەر، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا دەرغەزەپ بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھەر بىر مۇقامنىڭ «سەنەم» باسقۇچى تۈگەش بىلەن «سەلىقە» باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇ باسقۇچقا ئۆتۈش بىلەن تەڭلا ئۇسسۇلمۇ ئۆزگىرىدۇ. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەر-ئاياللار، ياش-قېرىلار ئاستا-ئاستا چوڭ بىر چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ، ئۇسسۇل يەنە چەمبىرەك ئاساسىدا داۋاملىشىدۇ. بۇ ھال دولانلىقلارنىڭ ئۆز رەقىبلىرىنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئەدەپ جازاسىنى راسا بېرىۋاتقانلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر. سەلىقە باسقۇچى ئاخىرلىشىپ سىرىلما باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشتە مۇزىكا ۋە نەغمە رىتىمىگە ئەگىشىپ، چوڭ دائىرە بىر-بىرلەپ پارچىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەممە كىشى ئۆز ئالدىغا يەككە-يەككە، لېكىن ماس شەكىلدە پىرقىراپ ئوڭ-سول چۆرگىلەيدۇ. بۇنداق تېز چۆرگىلەش سۈرئىتى بالداقمۇ-بالداق ئېشىپ بارىدۇ. ھېرىپ-چارچاپ بېشى قېيىپ،

uyghurkitap.com



يەنە چۆرگۈلەشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغانلار بىر-بىرلەپ مەيداندىن ئايرىلىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇ چاغدا مەيداندا ئۇسسۇل ماھىرلىرىدىن بىر نەچچە كىشىلا قېلىپ ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ. مۇنداق ماھارەت «دولان مۇقامى» ئورۇندىلىدىغان «مەشرەپ» سورۇنىدىكى «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز»نىڭ (مەشرەپ ئەھلىنىڭ) تېخىمۇ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ئەڭ ئاخىرقى جەڭ غەلىبىسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دولان مۇقامىدىكى ھەر بىر مۇقام ئاياغلاشقاندا دولان مەشرىپىنىڭ بىر دورام نەغمە ۋە ئۆزگىرىشلىرىمۇ ئاخىرلاشقان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭىباشتىن دولان مۇقامىنىڭ خالىغان بىر مۇقامى باشلىنىپ، يۇقىرىقى بەش خىل ئۆزگىرىش تەكرارلىنىدۇ⑧.

دولان مۇقامىنىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدىن باشقا تۆت قىسمىنىڭ ھەممىسىگە ئۇسسۇل ئويناشقا بولىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بولسا ئىنتايىن جەزبىدار، ئىنتايىن جانلىق، مۇنتىزىم، قىلپىلاشقان.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ھەر بىر يۈرۈش مۇقامىنىڭ «جۇلا»، «سەنەم»، «چوڭ سەلىقە»، «كىچىك سەلىقە» شۆبىلىرىگە ۋە «مەشرەپ» قىسمىنىڭ مۇزىكىلىرىغا ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش ئۇسسۇللىرى، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل ياكى ئاممىۋى ئۇسسۇل قاتارلىقلار ئورۇندىلىدۇ.

ئالتىنچى، «دولان مۇقامى» بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ نەغمە-ئاھاڭ سانى ۋە ئورۇنداش ۋاقتى جەھەتتىن ناھايىتى زور پەرقلىق.

دولان توققۇز يۈرۈش مۇقامدا جەمئىي 45 نەغمە-ئاھاڭ ساقلانغان بولۇپ، ھەر بىر مۇقامنى ئورۇنداشقا ئالتە~توققۇز مىنۇتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ. پۈتكۈل مۇقامنى ئورۇنداشقا بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ. «دولان مۇقامى» ئاز ئەمما ساز بولۇپ، بىر سائەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ بارلىق سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسىغا بىر پارچە ئوتنى سېلىپ قويۇپ تۈگەيدۇ.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» 12 يۈرۈش مۇقامدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بىر مۇقام 20 دىن 30 غىچە نەغمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئورۇنداشقا ئىككى سائەتچە ۋاقىت كېتىدۇ. 12 يۈرۈش مۇقام تەركىبىدە جەمئىي 300 نەچچە نەغمە-مۇزىكا بار. شۇڭا «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نى تولۇق ئورۇنداشقا 20 نەچچە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

دېمەك، «دولان مۇقامى» — ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي كارتىنىسى بولۇپ، مۇقام نەغمىلىرىنىڭ بىر قەدەر قەدىمىلىكى، يىزا-يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئۇسسۇللىرىنىڭ نەپىس، مەردانە، سالماقلىقلىقى، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»دىن روشەن پەرقلىنىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە بۈگۈنكىدەك بىر پۈتۈن ھالەتكە كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

**ئىزاھاتلار:**


① ئۆمەرجان ئىمىن «دولان ۋە دولان مەشرەپ مۇقاملىرى توغرىسىدا» «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1989-يىل 3-سان 7-بەت.

② ئىمىن ئەھمىدى «دولانلار نەزەرىدىكى باياۋان»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2004-يىللىق 6-سان 3-بەت.

③ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى چالغۇلىرىنى سۈرەتلىك چۈشەندۈرۈش» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى 2008-يىل نەشرى 103-بەت.

④ جۈجى (ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى) «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ جەۋھىرى — مۇقام» شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 2007-يىل نەشرى 49-بەت.

⑤ ماموت قاسىم «ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇنىڭ كۆي شەكلى ئالاھىدىلىكى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992-يىل نەشرى 453-بەت. ئادىل مۇھەممەد تۇران «مەكتەپ تارىخ-مەدەنىيىتى» (2) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006-يىل نەشرى 690-بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن.

⑥ ئادىل مۇھەممەدتۇران «مەكتەپ تارىخ-مەدەنىيىتى» (2) 686-بەت.

⑦ تۇرغان شاۋۇدۇن «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى 54-بەت.

⑧ ئېلى ماموت، مەمتىمىن ئەھەد «دولان ئون ئىككى مۇقامى» مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسى 1996-يىل، 25-، 26-، 27-بەتلەر.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



ۋارىسجان ئاتاخان

# تاجىكلارنىڭ ئوزۇقلۇق ساقلاش ئۆيى — خەمبەك

تاجىكلار ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلىپ، پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاپ كەلگەن مۇئەييەن ھۈنەر - سەنئەتكە، قويۇق مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ئىگە مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش جەريانىدا ئەجدادلىرىدىن ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئوزۇقلۇق ساقلاش ئۆيى بار، ئۇ بولسىمۇ خەمبەك.

خەمبەك — تاجىكچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمال مەنىسى ئوزۇقلۇق ساقلاش ئۆيى دېگەن مەنىدە.

خەمبەك — تاجىكچە ئۆينىڭ ئوچاق بېشى، ئالدى تەرىپىنى كولاپ، چىرايلىق، سىپتا ياسىلىدىغان، تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئوزۇقلۇق، نەرسىلەرنى پاكىز ساقلايدىغان ئۆي بولۇپ، ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى، گۆلە، جىگدە قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلەرنى ساقلاشتا تاغار دېگەندەك نەرسىلەرنى تاپماق تەس ئىدى. شەھەر-بازارلارغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت كېتەتتى. ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن تاجىكلار ئۆز ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ خەمبەكتىن ئىبارەت تاغارنىڭ رولىنى ئوينايدىغان ئوزۇقلۇق ساقلاش ئۆيىنى بەرپا قىلغان.

خەمبەكنىڭ ئىچى-تېشى كاكۇل لاي بىلەن شور ئارىلاشتۇرۇپ سۇۋاپ، ئۈستىنى بەلگىلىك چوڭلۇقتىكى ئارچا-قارىغاي ياغاچلىرىنى ئىشلىتىپ، گۆلە، ئاشلىق قاتارلىق ئوزۇقلۇقلارنى ئايرىم-ئايرىم خەمبەككە سېلىپ قويىدۇ. بۇ يېمەكلىكلەرگە ئادەتتە قۇرت، مىتە چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ئەسلىي ھالىتىنى ساقلايدۇ.

دېمەك، خەمبەكتىن ئىبارەت بۇ ئوزۇقلۇق ساقلاش ئۆيى ھېلىمۇ ھەم تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۆز قىممىتىنى يوقاتماستىن، يېزا - قىشلاقلاردا ئەتىۋارلىق تۇرمۇش بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

**تاجىكلارنىڭ قۇرۇت قۇرۇتۇش ئەسۋابى — سۆرە**

تاجىكلار پامىر ئېگىزلىكىدە چارۋىچىلىق بىلەن

www.uyghurkitap.com



شۇغۇللىنىپ ياشاپ كەلگەن مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر تۇرمۇش بۇيۇمى بار، ئۇ بولسىمۇ سۆرە.

سۆرە تاجىكچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمال مەنىسى سۆرە، يەنى قۇرۇت قۇرۇتىدىغان ئەسۋاب دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

تاجىكلار كەڭ كەتكەن يايلاقلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ چارۋىلاردىن سۈت، سېرىق ماي، قۇرۇت ئىشلەپچىقىرىشنى بىلگەن. يەرنى ئويۇپ، ئەتراپىغا قورام تاشلارنى تىزىپ، يېشىل چىملار بىلەن قاپلانغان كەپىلەرنى ياسىغان. ياسىغان كەپىلەر تار، بەك چوڭ بولۇپ كەتمىگەچكە ئادەتتە سۈت-قېتىقلارنى قويۇپ ئۇلارنى ساقلاش تولىمۇ ئاۋارىچىلىك بولاتتى.

يامغۇر يېغىپ كەتكەن كۈنلەردە بەك قىينچىلىق بولاتتى. ئاشۇ قىينچىلىقنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە چارۋىچىلار چىغنى بىر-بىرىگە چىڭ گىرەلەشتۈرۈپ توقۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا سۆرە ياسىغان. بۇ سۆرىلەرگە ئارچا، قارىغاينىڭ بىلەكتەك يوغانلىقتىكى تۈز ئۆسكەن ياغاچلىرىنى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا كېسىپ ئېلىپ، تۆت پاچاق ياساپ يەرگە مۇستەھكەم كۆمۈپ ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ئادەتتە سۆرە دەپ ئاتالغان. تۆت پاچىقى سۆرە پۇتى دېيىلگەن.

سۆرە شامال ئۆتىدىغان بولغاچقا يامغۇر ياغقان كۈنلەردە قۇرۇتنى (قېتىق، ئايراندىن ياسالغان چۇچۇمەل يېمەكلىك) ئۈستىگە قويۇپ قويسا يامغۇر بۇزۇۋەتمەيدۇ. ئاپتاپ چىققان كۈنلەردە پاكىز، چىرايلىق قۇرۇيدۇ. شامال چىققان ۋاقىتلاردا ئۈستىگە رەخت يېپىپ قويسا توپا بولۇپ كەتمەيدۇ.

سۆرىدىن ئىبارەت بۇ تۇرمۇش بۇيۇمى تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتىگە كەڭ سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، تا ھازىرغىچە ئېگىز تاغ يايلاقلىرىدا چارۋىچىلار قۇرۇت قۇرۇتۇپ ئۇنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنئەنىۋى تۇرمۇش بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

## تاجىكلارنىڭ خالتا ئەۋەتىش ئۇسۇلى

تاجىكلار پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاپ كەلگەن قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇپ، ئۆز ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، قويۇق مىللىي ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەن. ئەنە شۇ قويۇق مىللىي ئۆرپ ئادىتىنىڭ گۈل تاجىسى، ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىنىڭ نامايەندىسى — تاجىكلارنىڭ خالتا ئەۋەتىش ئۇسۇلىدۇر.

تاجىكلارنىڭ خالتا ئەۋەتىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئۆزگىچە، چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنالارغا ئىگە بولۇپ، خۇددى بىر پارچە چىمەنزارلىقتەك نۇرغۇنلىغان رەڭلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

تاجىكلارنىڭ خالتا ئەۋەتىش ئۇسۇلى يىراق-يېقىندىكى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلەر بىلەن ئىرىكلىك نىشانى سۈپىتىدە، دىدار كۆرۈشۈش ئىستىكىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، تاجىكلار خۇشاللىق، قايغۇ-ھەسرەت، قەلب سادالىرىنى خالتا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئەۋەتىلىدىغان خالتا ئاق، قىزىل، كۆك، سېرىق قاتارلىق رەڭلىك رەختلەرنى ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر تۆت چاسا، يانچۇق شەكلىدە تىكىپ ئىچىنى ئۆز جايىنىڭ ئېسىل يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، چاي قاتارلىقلار بىلەن تولدۇرۇپ، يىراق-يېقىنلارغا ئەۋەتىدۇ. ئەۋەتىش ئۇسۇلى چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، رەڭلىك يىپلار بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن.

مەسىلەن: ئۇرۇق-تۇغقان قوۋم-قېرىنداشلىرى ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە خالتا ئەۋەتمەكچى بولسا قارا رەڭلىك يىپ بىلەن خالتىنىڭ ئاغزى تىكىلىپ بېلىنى باغلاپ قويىدۇ. بۇ ئۆلگۈچىگە نىسبەتەن قايغۇ-ھەسرىتىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسە، خالتىنىڭ بېلىنى باغلاپ قويۇشى قەددىڭنى رۇسلا، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، بەردەم بول دېگەندەك تەسەللى بېرىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاتا-ئانىلارنى سېغىنىپ، ئۇلارنى بەك كۆرگىسى كېلىپ قالغان چاغلاردا خالتا ئەۋەتمەكچى بولسا ئەۋەتىلمەكچى بولغان خالتىنىڭ ئاغزى ئاق رەڭلىك يىپ بىلەن تىكىلىدۇ. يەنى ئاق رەڭ مەن سىلەرنى سېغىندىم، كېلەر يولۇڭلار ئاق بولسۇن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ دىدار كۆرۈشەلمىگەن ئاشىق-مەشۇقلار بىر-بىرىگە خالتا ئەۋەتمەكچى بولسا قىزىل، سېرىق، يېشىل رەڭلىك يىپلار بىلەن ئاغزى تىكىلگەن خالتىلارنى ئەۋەتىدۇ.

دېمەك، تاجىكلارنىڭ خالتا ئەۋەتىش ئۇسۇلى خەت ئالاقە ئىشلىرىدىن بۇرۇن پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تاجىكلارنىڭ مۇئەييەن ئۆرپ-ئادىتى، تۇرمۇش ئەھۋالى، ياشاش شارائىتى زىچ سىڭىپ كەتكەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسى ۋە ئورگانىزمىغا تەسىر قىلىپ، مۇئەييەن دەرىجىدە تېببىي داۋالاش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى قوغۇشلۇق يېزىلىق ئەمگەك ئىجتىمائىي كاپالەت پونكىتىدا)

# يېڭىسار پىچىقى ۋە ئۇنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى



ھۈسەيىن ئاۋۇت

يېڭىسار پىچىقى — تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، قول ھۈنەر-تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ كۆركەم، نەپىس، چىرايلىقلىقى، پىچاق دەستىسىنىڭ رەڭدار، چىداملىقلىقى، بىسىنىڭ ئۆتكۈر (ئىتتىك) پارقىراقلىقى، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىقلىقى، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، سەيلە-ساياھەت ئىشلىرىدىكى ئورنى ۋە رولىنىڭ چوڭلۇقى، سوۋغات بېرىش، خاتىرە قىلىپ ساقلاش قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى بىلەن مەشھۇر.

يېڭىسار تىلغا ئېلىنسا كىشىلەر بۇ دىيارنى ئالدى بىلەن پىچاق يۇرتى دەپ بىلىدۇ. ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك تېخنىكىسىغا، يۇقىرى كەسپىي ماھارەتكە تايىنىپ، كۆركەم، چىرايلىق، پۇختا، نەپىس ئىشلەنگەن رەڭدار پىچاقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ يېڭىسار پىچىقى ئۆزىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تەرەققىيات باسقۇچىدا ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى، قول ھۈنەر تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، پىچاق بىسىنىڭ پارقىراق، ئۆتكۈر، ئىتتىكلىكى، ئاسان گاللاشمايدىغانلىقى، پىچاق دەستىسى — سېپىنىڭ ئاجايىپ كۆركەم، رەڭدارلىقى، ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ كۆپ خىللىقى، پۇختا، چىداملىقلىقى، نەپىسلىكى، شۇنداقلا پىچاقنىڭ سوۋغات بېرىش، خاتىرە قىلىپ ساقلاش قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن باشقا پىچاقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا يېڭىسارنى ھەققىي تۈردە ئىسمى-جىسمىغا لايىق «پىچاق يۇرتى» دەپ تەرىپلەشكە، يېڭىسار پىچىقىنى تۈرلۈك، تۈمەن خىل پىچاقلارنىڭ ئىچىدىكى سەرخىللار-

www.uyghurkitap.com

# ۋاپا قىلساڭ دۆلەت كۆرىسەن

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا ئىككى باي ئۆتكەنىكەن، بۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭ بالىسى يوق ئىكەن، شۇڭا بۇلار بالىلىق بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. بىرىنچى باي يەتمىش خوتۇن ئېلىپتۇ، ئەمما بىرسىمۇ تۇغماپتۇ، يەنە بىر خوتۇن ئالغانىكەن، يەتمىش بىر خوتۇن بولۇپتۇ. بەختكە يارىشا يەتمىش بىرىنچى خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بۇ بالا شۇنداق چىرايلىق بالا بولۇپتۇكى، ئاي دېسە يۈزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار ئىكەن.

ئىككىنچى بايمۇ «بالا كۆرەرمەنمىكىن» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇز توققۇز خوتۇن ئېلىپتۇ. ھېچقايسىسى تۇغماپتۇ. يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ، ئۆمرىدە ئالغىنى جەمئىي قىرىق خوتۇن بولۇپتۇ، يىللاردىن يىل، ئايلاردىن ئاي، كۈندىن كۈن ئۆتۈپ بايىنىڭ قىرىقىنچى خوتۇنى ناھايىتى ساھىبجامال بىر قىز تۇغۇپتۇ. ئىككى باي مەسلىھەتلىشىپ، بالىلار ئۆزلىرىدىن كېيىن قالسا بىرىنىڭ بالىسىنى يەنە بىرى بېقىپ قاتارغا قوشىدىغان بولۇشۇپتۇ.



يىللار ئۆتۈپ ئىككى بالا چوڭ بولۇپتۇ، ئوغۇل ئون بەش ياشقا، قىز ئون تۆت ياشقا كىرگەندە ئۇلار بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىگە چېتىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىككەيلەن تۇرمۇشنى ئىناق ۋە خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ ئارىلىقتا تۆت يىل ئۆتۈپتۇ. ئىككى ياشنىڭ بەختىگە قارشى ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلاردىن بۇلارغا ناھايىتى نۇرغۇن مال-دۇنيا قاپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەندە يىگىت تالاغا چىقسا، بىر توپ جامائەت بىر ساندۇق بىر نەرسىنى ئېلىپ كېلىپ دەريا تەرەپكە كېتىۋاتقۇدەك، يىگىت:

— ئەي جامائەت بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ دۆتنىڭ بالىسى، دەرياغا تاشلايمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جامائەت.

— بۇنى ماڭا سېتىپ بەرسەڭلار قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت. جامائەت ئىچىدىن بىرسى:

— بولىدى، بېرەيلى! سىزمۇ مۇشۇ ساندۇق توشقىچىلىك ئالتۇن-كۈمۈش بېرىڭ، — دەپتۇ. يىگىت:

— بولىدى، بەرسەم بېرەي، — دەپ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ خوتۇنى گۈل پەرىزاتقا:

— ئەي خوتۇن، مەن يالغۇز ئوغۇل ئىكەنمەن، مەن تالاغا چىقسام، جامائەت بىر دۆتنىڭ بالىسىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولۇپتۇ. بۇنى ماڭا بېرىڭلار، دېسەم، مۇشۇ ساندۇق تولغۇچە ئالتۇن-كۈمۈش بەرگىن دەيدۇ، سەن قانداق قارايسەن، — دەپتۇ.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇنى.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت پۈتۈن مال-مۈلۈكلىرىنى بېرىپ، دۆۋە پادىشاھنىڭ ئوغلىنى چىقىپ ئېلىپ كەتكەن بالىسىنى سېتىۋاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئالتە ئاي بىرگە ئويناپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى يىگىتنىڭ تۇرمۇشى خارابلىشىپ، يېگىلى يوق، كىيگىلى يوق ئۈچ جان قىينىلىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن دۆتنىڭ بالىسى يىگىتكە مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئاداش، سەن مېنى دەپ نۇرغۇن پۇل - دۇنيادىن ئايرىلىپ كەتتىڭ، مەن دۆۋە پادىشاھنىڭ يالغۇز ئوغلى بولىمەن، دادامنىڭ قىرىق خەزىنىدە مال-دۇنياسى بار، بىزنىڭ شەھىرىمىزگە بېرىپ كەلسەك، — دەپتۇ.

— سەن دۆتنىڭ بالىسى، مېنى يۇرتۇڭغا ئېلىپ بارساڭ، سېنىڭ ئاتاڭدىن ماڭا ۋاپا كەلمەسمىكىن، — دەپ ئۇنىماپتۇ يىگىت.

— ئاداش مېنىڭ گېپىم-گەپ، ئاتا-ئانام ماڭا ناھايىتى ئامراق، مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغان بولىدۇ، — دەپتۇ دۆتنىڭ بالىسى.

يىگىت ئاخىر ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. يىگىت گۈل پەرىزاتقا ئۆزى قايتىپ كەلگىچە يېتىدىغان ئاش-ئوزۇق، پۇل تەييارلاپ بېرىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار شۇ يول يۈرگىنىچە ئالتە ئاي يول يۈرۈپتۇ، ئالتە ئايدىن كېيىن چۆلدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كەنتكە يېتىپ كېلىپتۇ، يىگىت قارىغۇدەك بولسا ئالدىدا بىر يېشىل گۈمبەز، گۈمبەزنىڭ تۆۋىدە ناھايىتى يوغان بىر كۆل، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى يوغان بىر چىنار دەرىخى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كاتتا بىر باغ تۇرغۇدەك، بۇ باغدا گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىشىپ، ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ تۇرغانىكەن، بۇنى كۆرگەن يىگىت ھەيران بولۇپتۇ، «ئالمىدىن بىرنى يەي» دەپ شۇنداق تۇتۇشىغا، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر مۇشت تېگىپتۇ. «گۆشتىن بىر پارچە يەي» دەپ قول ئۇزارتىشىغا قوۋزىغا قاس قىلىپ بىر مۇشت تېگىپتۇ، قارىسا ئادەم يوق، يىگىت بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپتۇ.

— مەن گۆش، ئاش-تاماق، مېۋە-چېۋە يەيدىغان يەرگە كەلگەن ئوخشايمەن دېسەم، بېشىمغا مۇشت يەيدىغان يەرگە كەپتىمەن، — دەپتۇ يىگىت دۆتنىڭ بالىسىغا.

— ئاداش، بۇنى بىز يېسەك بولمايدۇ! — دەپتۇ دۆتنىڭ بالىسى.

— ئۇنداق بولسا سەن ماڭا كارامىتىڭنى بىر كۆرسەت، — دەپتۇ يىگىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





دۆۋىنىڭ بالىسى شۇ ھامان ياقىسىغا تىكىپ قويۇلغان بىر دانە قىلنى ئېلىپ، ئوت ياققانىكەن، يەتتە دانە كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ كۆلگە ئۆزىنى ئېتىپ شۇڭغۇپتۇ، ھايال ئۆتمەي بۇ يەتتە كەپتەر يەتتە دانە پەرىزات بولۇپ چىقىپتۇ، بۇلار شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى بىرىنى يەنە بىرىدىن ئايرىۋالماق تەس ئىكەن، يەتتە پەرىزاتنىڭ بىرسى دۆۋە بالىسىنىڭ مەشۇقى ئىكەن، قالغان ئالتىسى بولسا شۇ پەرىزاتنىڭ كېنىزەكلىرى ئىكەن، بۇلار كەلگەندىن كېيىن دۆۋىنىڭ بالىسى ھېلىقى مەشۇقىغا بۇيرۇغانىكەن، بىر داستىخانغا خىلمۇخىل تاماق ۋە ھەر خىل مېۋە-چېۋىلەر توشۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆۋىنىڭ بالىسى باينىڭ بالىسىنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈپتۇ. ئۇلار بىر كېچە-كۈندۈز شۇ يېشىل گۈمبەزدە تاماشا قىلىپتۇ. ئەتىسى دۆۋىلەر شەھەرگە راۋان بولۇپتۇ. ئۇن كۈن يول يۈرۈپ دۆۋە پادىشاھىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ، شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە دۆۋىنىڭ بالىسى يىگىتكە:

— ئاداش، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، مەن شەھەرگە بېرىپ كېلەي، ئاندىن كېيىن سېنى ئېلىپ كېتەي،— دەپتۇ.

يىگىت ماقۇل بوپتۇ. دۆۋىنىڭ بالىسى دادىسىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارسا، دادىسى پۈتكۈل دۆۋىلەر بىلەن مۇسىبەتتە تۇرغۇدەك، ئانىسى ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا يىغلاۋاتقانىكەن، دۆۋە پادىشاھى «ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى» دەپ بىلىپ، شۇ كۈنى تۆگە، قوتاز، قوينىڭ ھەر بىرىدىن 1500دىن، ئۇن، گۈرۈچتىن 1500 تاغار، ياغدىن 15 مىڭ قاپاق، ئوتۇندىن 1500 تۆگە تەييارلاپ دۆۋىلەرنى نەزىرگە چاقىرغانىكەن. مۇشۇنداق پەيتتە دۆۋىنىڭ ئوغلى كېلىپ قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئاتا-ئانىسى بىھوش بولۇپ بىر كېچە-كۈندۈز بالىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپتۇ، كېيىن ھوشىغا كەپتۇ. ئەتىسى دۆۋىنىڭ بالىسى ئاتا-ئانىسىغا:

— سىلەر ۋاپا قىلغانغا ۋاپا قىلامسىلەر ياكى جاپامۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالام، مەن ۋاپا قىلغانغا ۋاپا قىلىمەن، جاپا قىلغانغا جاپا قىلىمەن،— دەپتۇ دۆۋىلەر پادىشاھى.

— ئۇنداق بولسا،— دەپ دۆۋە بالىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن باينىڭ ئوغلىنى يوشۇرۇپ ئېلىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. دۆۋە پادىشاھى:

— بالام ئادەمزات تېنى پۇرايدىغۇ؟ — دەپتۇ.

— دادا، بايا مەن سىلىگە ۋاپاغا ۋاپا قىلامسىلەر ياكى جاپامۇ؟ دەپ سورىغاندا ۋاپاغا ۋاپا، جاپاغا جاپا قىلىمىز،— دەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭىز، ماڭا ۋاپا قىلغان، مېنى نۇرغۇن پۇل-مال، ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن قۇتقۇزۇپ ئالغان ئادەمزات بالىسى مۇشۇ،— دەپتۇ.

2010.1

دىۋە پادىشاھ ئوغلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ:
— ئى ئادەمزات بالىسى، بىزدىن ھەرگىز قورقمىسلا، سىلە بىزنىڭ ئۆز بالىمىز، يېتىرقىمىسلا، — دەپ ئۇنى قىزغىن مېھمان قىلىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن يىگىت دىۋە بالىسى بىلەن دىۋىلەر شەھرىنى تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ.
ۋاقىت ئۆتۈپ، كۈنلەر ئۆتۈپ، ئالتە ئاي بولۇپ قاپتۇ، باينىڭ ئوغلىنىڭ ئۆز مەھبۇبىغا بولغان مۇھەببىتى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپتۇ. ئاخىر ئۇ دىۋىنىڭ ئوغلىغا يۇرتىغا قايتىش ئىستىكىنى ئېيتىپتۇ. دىۋىنىڭ ئوغلى:
— ئۇنداق بولسا مەن دادام بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، — دەپتۇ ھەم دادىسىغا يىگىتنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئىستىكىنى مەلۇم قىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا ئاغىنەڭنى ئېلىپ كىرگىن، قىرىق خەزىنىدىكى مال-دۇنيالارنى كۆرسۇن، ئەگەر ئەرزىسە ھەممىنى ئېلىپ كەتسۇن! — دەپتۇ دىۋە پادىشاھى.
دىۋىنىڭ بالىسى باينىڭ ئوغلىنىڭ قېشىغا بېرىپ:
— ئاداش، دادام قوشۇلدى. دادامنىڭ قىرىق خەزىنىدە مال-دۇنياسى بار، شۇ خەزىنىگە سېنى ئېلىپ كىرىمىز، سەن بىرنىمۇ تۇتما، نەزەر كۆزۈڭنىمۇ سالما! مېنى دېدى دېمەي، دادامنىڭ ئوڭ ياقىسىدا تىرناقتەك ئالتۇن گۈلى بار، شۇنى بەرسىڭىز، قالغان نەرسە ماڭا لازىم ئەمەس، — دەپ تۇرۇۋالغىن. بۇ گۈلنىڭ خاسىيىتى شۇكى، خۇدانى ئاغزىڭغا ئېلىپ، نېمىنى تەلەپ قىلساڭ، شۇ سېنىڭ ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ.
باينىڭ ئوغلى خۇشال بولۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن دىۋە پادىشاھ يىگىتكە خەزىنىسىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئەمما يىگىت خەزىنىدىكى مال-دۇنياغا نەزەر سالماپتۇ، بۇنى كۆرگەن دىۋە پادىشاھ «مەن ئۆزۈمنى شۇنچە كاتتا باي پادىشاھ دەپ ئويلىسام، بۇ ئادەمزات بالىسى خەزىنەمگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ، بۇ مەندىن ئارتۇق كاتتا پادىشاھ ئىكەن ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە يىگىتكە:
— ھەي ئادەمزات بالىسى، مەن قىرىق ئېغىزلىق ئۆيدىكى خەزىنەمنى كۆرسەتتىم، بىرنىمۇ ئالمىدىڭىز، نەزەر كۆزىڭىزنىمۇ سالمىدىڭىز، سىز نېمە ئالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن باشقا نەرسە ئالمايمەن، ئەگەر خالىسىڭىز ئوڭ ياقىڭىزدىكى ئالتۇن گۈلنىلا بەرسىڭىز، ئۇنىڭدىن باشقىسى ماڭا لازىم ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باينىڭ ئوغلى. دىۋە پادىشاھ:
— مەن بۇ ئالتۇن گۈلنى ساڭا بەرمەيمەن، — دەپتۇ، ئارقىدىنلا يەنە سەن سېتىۋالغان بالامنى ئېلىپ كەت! — دەپتۇ، شۇ چاغدا دىۋە پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى:
— سىلىنىڭ ئاران بىر ئوغۇل پەرزەنتلىرى تۇرسا، بالىلىرىنى بېرىپ نېمە قىلىلا؟ سىلىنىڭ ئۆمۈرلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى، ئالتۇن گۈلنى ھاياتلىق ئىشلەتمەمدۇ؟ ئەگەر سىلە ئۆلۈپ كەتسىلە، بۇ بالا ئىزلىرىنى بېسىپ پادىشاھ بولىدۇ. بايا ئۆزلىرى نېمە لازىم بولسا ئېلىپ كەت دېگەن ئىدىلە. ئەمدى ئۆزلىرىنى شەيتان باستىمۇ نېمە؟ بۇ ئادەمزات بالىسى ئۆز يۇرتىغا بېرىپ، دىۋىلەر پادىشاھى گېپىدە تۇرمايدىغان پادىشاھ ئىكەن، دېسە نومۇس ئەمەسمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى بۇ گۈلنى بېرىۋېتىپ، بالىنى ئېلىپ قالغان ياخشى، ئۇنىڭدىن قالدى قىرىق ئېغىزلىق خەزىنىدىكى مال-دۇنيا ئۆزلىرىگە يېتىپ ئاشىدۇ، — دەپتۇ.
دىۋە پادىشاھ ئالتۇن گۈلنى ياقىسىدىن ئېلىپ باينىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ ھەم كاتتا ئۇزىتىش زىياپىتى بېرىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.
باينىڭ ئوغلى بىر كۈن يول مېڭىپ قورساقلىرى ئېچىپ كېتىپتۇ. دىۋە پادىشاھى بەرگەن گۈلگە قاراپ:
— ھەي گۈل، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن تاماق تەييارلا — دېيىشكەن، يەتمىش ئىككى خىل غىزا ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن باينىڭ ئوغلى دىۋىنىڭ بالىسىغا يۈز مىڭ رەھمەت ئېيتىپ، قورسىقىنى راسا تويغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن گۈلگە قاراپ:
— ئەي گۈل، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بىر ئۇچقۇر ئات ھازىرلا! — دەپتۇ.



MIRAS

www.uyghurkitap.com



شۇ زامان بىر قاناتلىق ئات هازىر بولۇپتۇ. باينىڭ ئوغلى ئاتقا مىنگەنىكەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۆز يۇرتـ
دىن يەتتە شەھەر ئاتلاپ كېتىپتۇ، يەرگە قارىسا بىر ئادەم يانتاق چېپىپ يۈرگۈدەك، يىگىت شۇ هامان: «ھەي، خۇداـ
نىڭ ئەمرى بىلەن يەرگە چۈش!» دېگەنىكەن، ئات شەھەر ياقىسىدىكى بىر باغقا چۈشۈپتۇ، باينىڭ ئوغلى دۇلدۇلنىڭ
ئۈچىسىنى بىر سىلىغانىكەن، دۇلدۇل ھەم يېغىر، ھەم توكۇر بولۇپ چۈشكەن يېرىدە ئوتلاشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ
يىگىت يانتاق چاپقان ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— بۇ قەيەر؟ — دەپ سورىغانىكەن.

— بۇ يەر گۆزەت شاھنىڭ پايتەختى ئەتراپىدىكى يايلاق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يانتاقچى.

— بىزنىڭ يۇرتىمىز قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ باينىڭ ئوغلى يانتاقچىدىن.

— شەھىرىڭىزنىڭ نامى نېمە؟ — دەپتۇ.

— شەھىرىي گۈلشەن، — دەپتۇ يىگىت.

— ئۇنداق بولسا سىزنىڭ شەھىرىڭىز بۇ شەھەردىن يەتتە كۈنلۈك يىراقتا قاپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يانتاقـ
چى.

بۇ يەرگە كېلىپ قالغاچقا، يىگىتنىڭ گۆزەت شاھنىڭ شەھىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەۋىسى كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن يىگىت ئارغىماق يېنىغا كېلىپ، «خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئۆز ئەسلىڭگە قايت!» دەپ ئارغىماقنى بىر سىلىغاند
كەن، ئارغىماق غايىب بوپتۇ. باينىڭ ئوغلى شەھەرگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا پادىشاھنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر
ئالتۇن دۇمباق تۇرغۇدەك، بۇنىڭغا قاراپ تۇرسا، بىر يىگىت كېلىپ دۇمباقنى ئۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئوردىسىدىن بىر قاراـ
ۋۇل چىقىپ: — سىنى پادىشاھ چاقىرىدۇ، — دەپ يىگىتنى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مەلىكە قانخورنىڭ قېشىغا ئېلىپ
كىرىپتۇ. مەلىكە قانخور بۇ يىگىتتىن:

— بۇ دۇمباقنى چالغان سەنمىدىڭ؟ مېنى ئالماقچى بولغان يىگىت بۇ دۇمباقنى چالىدۇ، سەندىن سورايدىغان
ئىككى تۆرلۈك سوئالىم بار، شۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرسەڭ ھەم ئىجرا قىلالىساڭ مەن ساڭا چوقۇم تېگىمەن، ئەگەر
دەرھال جاۋاب بېرەلمىسەڭ ھەم ئىجرا قىلالمىساڭ، چوقۇم بېشىڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ مەلىكە قانخور.

— جانابى مەلىكەم، سورايدىغان سوئاللىرىنى سورىسىلا، — دەپتۇ يىگىت.

مەلىكە قانخور دەپتۇ:

— بىرىنچى شەرتىم، مۇشۇ شەھەردىن يەتتە كۈنلۈك نېرىدا دادامنىڭ خارابىلىككە ئايلانغان بىر شەھىرى بار،
بۇنى ئەسلىدىكىدەك يېڭى، گۈزەل شەھەرگە كەلتۈرسەن، ۋاقتى يەتتە كېچە-كۈندۈز. ئىككىنچى شەرتىم، مۇشۇ شەـ
ھەردىن ئاشۇ خارابىلىككە بارىدىغان كەڭلىكى ئون ئالتە مېتىر كېلىدىغان بىر تاشيول ئالىسەن، يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا
ئېرىق ئېلىپ ئۇنىڭغا ئامۇت، ئالما، ئەنجۈر، ئانار تىكىلسۇن، گۈل-چېچەكلەر ئېچىلغان، كېچە-كۈندۈزلەپ بۇلبۇللار
سايرىغان، مېۋە-چېۋىلەر راسا پىشىپ تۆۋىگە چۈشكەن بولسۇن، دەريالارغا كۆۋرۈكلەر سېلىنغان، چىراغلار يانغان،
ھەر كەسىپتىكىلەر ئۆز كەسپىنى قىلغان، قىسقىسى شەھەردە ھەر نەرسىنى ئىزدىمىسمۇ تېپىلىدىغان بولسۇن، — دەپتۇ.

— جانابى مەلىكەم، بۇ شەرت ناھايىتى چىلڭ شەرتلەر ئىكەن، مەن ئورۇندىيالمايمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— جاللات! — دەپتۇ مەلىكە.

— لەببەي مەلىكەم، كىمنىڭ ئەجىلى توشتىكىن؟ — دەپ هازىر بوپتۇ جاللاتلار.

— چاپ! مانا ماۋۇ نامەرتنىڭ بېشىنى، — دېگەنىكەن، جاللاتلار ئۇ يىگىتنىڭ بېشىنى ئېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلەـ
كىنىڭ شەرتىنى ئادا قىلالماي، ئۆلۈپ كەتكەن يىگىتنىڭ سانى ئىككى يۈز ئون ئىككىگە يېتىپتۇ، ئەمدى گەپنى ھېلىقى
ئالتۇن گۈلى بار يىگىتتىن ئاڭلايلى.

باينىڭ ئوغلى: — بۇ چاغدا بىر ئالتۇن دۇمباق ئېسىقلىق ئىكەن، بايا بىر يىگىت چالغانىدى، قاراۋۇل تۇتۇپ
ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى، ئۇ يىگىت هازىرغا قەدەر چىقمىدى، بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ يېنىدىكى كىشىدىن.

— ئەي يىگىت بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ «قارا كۆز ئايىم» دەيدىغان بىر قىزى بولۇپ، ئۇ ئالتۇن تەختتە ئولتۇرـ

دۇ. بۇ قارا كۆز ئايىم شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئەقلى ئېزىپ كېتىدۇ، بۇنى ئالالماي، بېشى كەتكەن يىگىتلەرنىڭ سانى ئىككى يۈز ئون ئىككىگە يەتتى، شۇڭا ئەل ئاشۇ قارا كۆز ئايىم مەلىكىگە «قانخور مەلىكە» دەپ ئات قويغان،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى.

بۇ كىشىنىڭ سۆزى باي ئوغلىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپتۇ. «مەنمۇ دۇمباقنى بىر چېلىپ كۆرمەيمۇ ؟» دېگەن نىيەتتە دۇمباقنى راسا مۇشتلاپتۇ، شۇ ئارىدا ئوردىدىن بىر قاراۋۇل چىقىپ، ئۇنى مەلىكە قارا كۆز ئايىمنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپتۇ، قارا كۆز ئايىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بۇ يىگىتتىن:

— دۇمباقنى ئۇرغان سىزمىدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت:

— خوش مەلىكەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۆزىڭىز چىرايلىق كىچىككىنە بىر يىگىت ئىكەنسىز، قانداق بولۇپ بۇ دۇمباقنى چالدىڭىز ؟— دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— مەن ئۆزلىرىنىڭ داڭق-تەرىپلىرىنى ئاڭلاپ ئاشىق-بىقارار بولدۇم، ئۆزۈمنى چاغلاپ كۆرەيمىكىن دەپ دۇمباقنى چالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— يىگىت، مېنىڭ ئىككى تۆرلۈك شەرتىم بار، شۇ شەرتنى ئورۇندىيالىسىڭىز مەن سىز بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئېيتسىلا مەلىكەم، شەرتلىرىنى مەن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ يىگىت.

مەلىكە قارا كۆز ئايىم ئالدىنقى يىگىتكە قويغان ئىككى تۆرلۈك شەرتنى قويۇپتۇ. يىگىت دەرھال «بولىدۇ، مەن چوقۇم ئىجرا قىلىمەن» دېگەن ۋەدىنى بېرىپتۇ، شەرتكە ئاساسەن مەلىكە يىگىتكە يەتتە جاللات بىلەن يەتتە كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ، بۇ يىگىتكە قوشۇپ قويغان يەتتە جاللات يىگىتنى خارابى شەھەرگە باشلاپ بېرىپتۇ. يەتتە جاللات يىگىتكە:

— ئەمدى كەلدۇق، خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن شەھەر مانا مۇشۇ، — دەپ كۆرسەتكەنىكەن، يىگىت:

— بىر سائەت دەم ئالمىز، بىر سائەتتىن كېيىن ئاندىن ئىشلەيمىز، — دەپتۇ. جاللاتلار:

— بولىدۇ، — دەپ ئۇخلاپتۇ.

يىگىت: «ھەي ئالتۇن گۈل، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بۇ خارابى شەھەرنى ئەسلىدىكىدىن يۈز ھەسسە گۈزەل شەھەرگە ئايلاندۇرۇۋەت !» دېگەنىكەن، شۇ ھامان ئەسلىدىكى شەھەردىن يۈز ھەسسە گۈزەل بىر شەھەر كۆز ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. يىگىت ئۇخلاپ قالغان يەتتە نەپەر جاللاتنى ئويغىتىپتۇ. جاللاتلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسا، ئەسلىدىكىدىن ناھايىتى چىرايلىق بىر گۈزەل شەھەر تۇرۇپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ شەرتىدىكىدىنمۇ يۈز ھەسسە چىرايلىق ھەم گۈزەل ئىكەن، بۇنى كۆرگەن يەتتە نەپەر جاللات ھەيران - ھەس بولۇپ قاپتۇ ۋە ئۇلار مەلىكىگە خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. مەلىكە جاللاتلارغا مىڭ دىناردىن ئىنئام بېرىپتۇ، جاللاتلارنىڭ ئاغزى - قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى يىگىتتىن ئاڭلايلى!

يىگىت ئوردىغا كەلگەنىكەن، مەلىكە خۇشاللىقنى باسالماي، بۇ يىگىتنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ ۋە يىگىتنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆتۈۋېلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يېڭى بىنا بولغان شەھەرگە ئەر-خوتۇن پادىشاھ بولۇشۇپتۇ، ھەرقانداق بىر پۇقرادىن بىر پۇل ئالماي، ئەر-خوتۇن باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. پۇقرالار يېڭى پادىشاھقا «ئادالەتلىك پادىشاھ» دەپ نام بېرىپتۇ.

قارا كۆز ئايىم بولسا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئائىللىق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپتۇ، بۇ كۈنلەردە قارا كۆز ئايىمنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقانىكەن، يەتتىنچى شەھەردىكى قالغان كونا خوتۇنى گۈل پەرىزاتنى ئېلىپ كەلتۈرۈپ، كونا ئەر-خوتۇن قايتا كۆرۈشۈپتۇ ۋە بۇ گۈزەل شەھەردە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ ئەڭ ئاخىر مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇللا تۇرسۇن، 65 ياش، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتلىق.
ئويتوغراق يېزىسىدىن
1987-يىلى 9-ئاي
توپلىغۇچىلار: ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئابدۇرامان تۆمۈر
«كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى

www.uyghurkitap.com



# مىراس ھەرىكىتى

ھەبىبۇللا قادىر

**1. مىراس ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي بايانى**

1972 - يىلى 16 - نويابىردا پارىژدا چاقىرىلغان ب د ت — مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 17 - قېتىملىق يىغىنىدا دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئەھدىنامە — «دۇنيا مەدەنىيەت ۋە تەبىئەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»، شۇنداقلا 1983 - يىلى چاقىرىلغان ب د ت مائارىپ، پەن- مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ دۇنياۋى مىقياسىدا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش ۋە قوغداش يىغىنى ۋە خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئىلگىر- كېيىن بولۇپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەۋج ئالغان مىراس يىغىش ۋە قوغداش ھەرىكىتىنىڭ كەڭ كۆلەملىك باشلانمىسى بولۇپ قالدى. لېكىن مىراس ھەرىكىتى قانداقتۇر بۈگۈنكى دەۋردىلا قوزغالغان پائالىيەت ئەمەس، دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئەمەلىيەتتە مىراس ھەرىكىتى 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ياۋروپادىكى كۆپ قىسىم ئەللەردە، جۈملىدىن فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە ئاللىبۇرۇنلا كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي پائالىيەتكە ئايلىنىپ، ئىككى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىنسانىيەت مىراسلىرىغا ئېلىپ كەلگەن ھەددى - ھېسابسىز بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ باردىچە ئازايتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلغان ھەمدە بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئاللىبۇرۇنلا ئۆز دۆلىتى دائىرىسىدە مىراسلارنى يىغىش- توپلاش ۋە ئۇنى قوغداشقا ئالاقىدار نىسبەتەن مۇكەممەل قانۇنلارنى تۈرغۇزۇپ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش پائالىيەتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئاممىۋىلىشىشىنى قانۇن- تۈزۈملەشتۈرۈشنىڭ سىناقلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1997- يىلى نويابىردا ب د ت مائارىپ، پەن- مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 29- قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلىپ، «ئىنسانىيەتنىڭ ۋەكىللىك ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرىغا ئىلتىماس سۇنۇش كۆرسەتمىسى» ئېلان قىلىندى، 2003- يىلى 17- ئۆكتەبىردە ب د ت مائارىپ، پەن- مەدەنىيەت تەشكىلاتى» «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»نى ماقۇللىدى.

يۇقىرىقىلار بۈگۈنكى مىراس ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ قىسقىچە جەريانىدۇر. يۇقىرىقىدەك بىر يۈرۈش باسقۇچ خاراكتېرلىك جەريانلارنىڭ نەتىجىسىدە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ساھەسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە رايون، شۇنداقلا

مىللەتلەر دائىرىسىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى بەس-بەستە ب د ت دىن ئىبارەت بۇ خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ئورگاننىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە تەستىقلىنىشىغا سۇنۇلدى. قىسقىسى، مىراسلارنى كەڭ كۆلەمدە يىغىش-توپلاش ۋە ئۇنى قوغداش پائالىيىتى بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن كەڭ كۆلەملىك دەۋر خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ھەرىكەت بوپقالدى.

ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندىكى مىراس دولقۇنىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئېلىشى ھەرگىزمۇ تارىخىي تاسادىپىلىق بولماستىن، بەلكى دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىدىن بۇيان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ماكرو مۇھىتى دائىرىسىدە يۈز بەرگەن كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ بىر يۈرۈش سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بۈگۈنكى دەۋردىكى مىراس ھەرىكىتىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆلەملەشكەن دەۋر خاراكتېرلىك پائالىيەتكە ئايلىنىشىنى ھەل قىلغۇچ تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەب بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇ تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش ۋە شەرھلەش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، دۇنياۋى كۆلەمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ھادىسە ماكان ۋە زامان نۇقتىسى جەھەتتىن پۈتكۈل دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى تارىختىكى مىسلىسىز دەۋرگە باشلاپ كىرىپ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۇكسەك دەرىجىدە بىر-بىرىگە تايىنىشچان مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ خىل ھادىسە بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنياۋى مىقياستا بىر-بىرىنى چۈشىنىشىنىڭ زۆرۈر شەرتىنى ھازىرلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ يەرلىك مەھەللىۋى خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى روشەن دەرىجىدە خىرىسقا دۇچار قىلىپ، مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنياۋى مىقياستا خاراكتېرلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى ئىلگىرىكى دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تەرتىپى ۋە مەدەنىيەت ئالاقە ئەندىزىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يەنىلا دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال ئالاقە ۋە ھوقۇق تۈزۈلمىلىرىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي خاراكتېرلىك جۇغلانمىسى تۈرتكىسىدە پەيدا بولغاچقا، نىسبەتەن بېكىنمە ھالەتتىكى گىرۋەك مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنىڭ بىراقلا بۇ خىل كەڭ كۆلەملىك مەدەنىيەت تەرتىپى ۋە ئەندىزىسىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىشى ئۇلارنى ئىلگىرىكى مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە مەدەنىيەت تەرتىپىدە مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەرنى ياساشقا مەجبۇر قىلدى، يەرلىك مەھەللىۋى خاراكتېرى نىسبەتەن قويۇق بولغان گىرۋەك مەدەنىيەت تۈركۈملىرىنىڭ يەرشارىلىشىش دەۋرىدىكى مەدەنىيەتلەر دىيالوگىنىڭ ئومۇمىي ئەندىزىسىگە قوشۇلۇشى ۋە بۇ خىل ماكرولۇق مەدەنىيەت تەرتىپىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ماھىيەتتە بۇ خىل مەھەللىۋى مەدەنىيەت تىپلىرى بىلەن دۇنياۋى مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن مۇرەسسەلىشىشتىن دېرەك بېرەتتى، بۇ جەرياندا ئوخشاش بولمىغان ماكان دائىرىسىدىكى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇنىۋېرسال ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى شۇنىڭغا ماس ھالدا مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرىكى پەرقلەر ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەدرىجىي ئاجىزلىشىشى ۋە ھەتتا يوقىلىشىدەك مۇقەررەر يۈزلىنىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە مەدەنىيەتلەرنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ماكان ۋە زامان قۇرۇلمىلىرىدا زور دەرىجىدە سۈپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مەدەنىيەتلەرنىڭ روشەن دەرىجىدە خاراكتېرداشلىنىش ھادىسىسى كېلىپ چىقتى. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا «مەدەنىيەتلەرنىڭ خاراكتېرداشلىنىش ھادىسىسى، مەدەنىيەتلەر ئالاقىسىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلىشىشى ۋە ھەتتا يوقىلىشى ئارقىلىق پەيدا بولغان كۆپلىگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ خاراكتېرداشلىققا ئىگە بولۇپ قېلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ»①. ھالبۇكى بۇ خىل ئومۇمىي ھالەت مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش، ئەڭ مۇھىمى بۈگۈنكىدەك مىسلىسىز مەدەنىيەتلەر ئالاقىسى ئەندىزىسى ئىچىدە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىي مەدەنىيەت كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسى دۇچ كەلگەن ئومۇمىيۈزلۈك كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنىڭ ساقلىنىشى مىللىي

www.uyghurkitap.com



كىملىك قۇرۇلۇشىنىڭ يادرولۇق ئامىلى. مىللىي مەدەنى-
يەت كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى مە-
دەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.
مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىچە خاس خاراكتېرى ئاساسىغا
قۇرۇلغان مىللىي كىملىك يەنە ئۆز نۆۋىتىدە دۇنياۋى مىق-
ياستا مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقىنى ساقلاشنىڭ زۆرۈر
ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىياس قىلىشقا تا-
مامەن بولىدۇكى، ئەگەر دۇنيا يۈكسەك خاراكتېرداشلىققا
ئىگە پەقەت بىر خىللا مەدەنىيەتتىن تەركىب تاپقان بولسا
ئۇ ۋاقىتتا مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى ۋە مىللىي
مەدەنىيەت كىملىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنىڭ قىلچە زۆ-
رۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى بولمايتتى. بۇ خىل ئىلمىي قىياس
ئارقىلىق بىز يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا ئوتتۇرىغا قويغان
مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي كىملىك ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ
خىللىقىدىن ئىبارەت كۆپ خىل ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى
سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ
چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز. دېمەك، ئوخشاش بولمىغان مەدەنى-
يەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ئىپا-
دىلەنگەن پەرق مىللىي مەدەنىيەت كىملىكىنى ھەققىي مەۋ-
جۇتلۇق مەنىسىگە ئىگە قىلىدۇ. مىللىي كىملىكنىڭ كۈچى ۋە
مەۋجۇتلۇق قىممىتى دەل مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
پەرقلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەنە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

خاراكتېرداشلىنىش مەسىلىسى بۈگۈنكى مىللىي مەدە-
نىيەتنىڭ كىملىك كىرىزىسىنى كەسكىن خىرىسقا دۇچار
قىلغان شارائىتتا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى-
نىڭ نامايەندىسى ۋە چۆكمىسى بولمىش مەدەنىيەت مە-
راسلىرى ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋى مۇھىتتى-
كى ئۇل ئاساسىنى تىكلەش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق
تاللىشى بولۇپ قالدى، بۇ دەل بۈگۈنكى كۈندىكى
مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش ۋە قوغداش پائالى-
يىتىنىڭ دۇنياۋى كۆلەمدە ئەۋج ئېلىشىنىڭ مۇھىم بىر تا-
رىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر.

ئىككىنچىدىن، زامانىۋىلىق قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە
ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ ماكان ۋە زامان نۇقتىسى جەھەتتىن
مىسلىسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ كۆرۈلگەن ئەنئەنىۋى مە-
دەنىيەتلەرنىڭ خىرىسقا ئۇچراش مەسىلىسىنىڭ ئېغىرلىشى-
شى بۈگۈنكى دەۋردىكى مىراس ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشى-
دىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى.

ھازىرغا قەدەر زامانىۋىلىق ھەققىدە ھەر خىل
شەرھلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. غەرب كلاسسىك جەمئىيەت-
شۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئەڭ يادرولۇق ئاساس سالغۇچىلىرى-
دىن بىرى نېمىس پەيلاسوپى ماكس ۋېبېر (Max.Weber)
زامانىۋىلىقنى غەربىي ياۋروپانىڭ ئەقلىيلىشىش جەريانى
بىلەن باغلاپ ئۇنى ماھىيەت يېقىدىن بىردەكلەشتۈرۈش،
بىر گەۋدىلەشتۈرۈش كۈچىگە ئىگە دەپ قارىدى. دۇنيا-
غا مەشھۇر فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى دۇركخېم
(E.Durkheim) بولسا زامانىۋىلىق يەككىلىكتە تۇرغان
شەخسنىڭ كوللېكتىپتىن مۇستەقىل بولۇشى ئارقىلىق ئۆزى-
نىڭ كىملىكىنى ئىزدەشنى بەلگە قىلغان دەپ قاراپ يەك-
كىلىكتىكى شەخسنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. گېرمانىيەنىڭ
18 ـ ئەسىردىكى دۇنياغا مەشھۇر پەيلاسوپى گېگىل
(F.Hegel) يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئىنسان تەبىئىتى-
دىن ئىبارەت مەنىۋى ئالاھىدىلىكلەرنى چوڭقۇر ئانالىز
قىلىپ، زامانىۋىلىقنى يەككىلىكتە تۇرغان ھەر بىر شەخسنى
باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ۋە شۇ ئارقىلىق
ئۆزلۈكىدىن باشقىلارنىڭ ھەققىي باھاسىغا ۋە مۇئەييەن-
لەشتۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇش جەريانى دەپ قارىدى.
ئۆزىنىڭ زامانىۋىلىق ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتلىرى
بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە تونۇلغان، زامانىمىز-
دىكى ئەڭ نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناسلاردىن ئەنگلىيەلىك
ئانتونى گىددېنس (Anthony Giddens) ئۆزىنىڭ «كاپى-
تالىزم ۋە ھازىرقى زامان جەمئىيەت نەزەرىيەسى» ناملىق
مەشھۇر ئەسىرىدە زامانىۋىلىقنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە تۆ-
ۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ: «زامانىۋى جەمئىيەت ماھى-
يەتتە سانائەتچىلىك ۋە ئىش تەقسىماتىنى ئاساس قىلغان
يېڭى تىپتىكى جەمئىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي
تەرتىپسىزلىك زامانىۋىلىققا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەسىلە-
لەرنىڭ مەنبەسىدۇر. چۈنكى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىن زاما-
نىۋىلاشقان سانائەت جەمئىيىتىگە بۇرۇلۇش جەريانىدا
ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەخسچىلىك خاھىشى-
نىڭ كۈچىيىشى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى دىن، ئەخلاق ۋە
ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي رىشتىنى
يىمىرىۋەتتى...»②.

ئەگەر بىز يۇقىرىقى شەخسلەرنىڭ زامانىۋىلىقنىڭ ما-
ھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى خۇلاس-
لىسەك ئۇ ۋاقىتتا مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز، يەنى زامانى-

ۋىلىق بولسا ئەقلىيلىشىش، يەككىلىكتىكى شەخسنىڭ كول-
لېكتىپ ئاڭنىڭ مەھسۇلى بولمىش ئىجتىمائىي توپتىن ئاي-
رىلىپ شەخسلىشىش ۋە شۇ ئاساستا گېگىل ئېيتقاندەك
ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يادروسى بولمىش شەخسىي ئىستەكنىڭ
رېئاللىشىشىنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان. مۇشۇ خىل
مۇلاھىزىلىك بايانلاردىن بىز زامانىۋىلىقنى بىر خىل ئىج-
تىمائىي ئەندىزە ياكى بىر خىل ئېيتىم سىستېمىسى دەپ
چۈشەنسەك بولىدۇ. ئۇ سانائەتلىشىش، ئىجتىمائىي ئو-
رۇننىڭ دەرىجىلەشتۈرۈلۈشى، قاتلاملاشتۇرۇلۇشى ۋە
ئەقلىيلىشىشنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلىش بىلەن بىرگە
ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرىنىڭ ياتلىشىشنى يەنە بىر
مۇھىم بەلگە قىلىدۇ، زامانىۋىلىق ھەققىدىكى يۇقىرىقى
تەلقىنلەرگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا يەنىمۇ ئومۇملاشتۇ-
رۇپ تەھلىل قىلساق، زامانىۋىلىق ماھىيەتتە ئەنئەنىۋى
تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە قىممەت قارىشىنى روشەن دەرىجى-
دە ئىنكار قىلىش بەدىلىگە ئېلىپ بېرىلغان قايتا قۇرۇپ
چىقىش جەريانى بولۇپ، بۇ جەرياندا ئەنئەنىۋى مەدەنى-
يەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەنئەنىۋى قۇرۇلمىلار
زامانىۋىلىقنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن قايتىدىن
قۇرۇپ چىقىلىدۇ، ھالبۇكى مىللىي كىملىكنى قۇرۇپ چى-
قىشنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئاساسى بولمىش ئەنئەنىۋى
مىللىي مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدا كۆرۈل-
گەن يىمىرىلىش خاراكتېرلىك زىددىيەتلىك كەيپىياتنى
ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتى مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەرىكىتى-
نى پەيدا قىلغان يەنە بىر مۇھىم سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زامانىۋى جەمئىيەت-
نىڭ ئەڭ مۇھىم خاراكتېرى ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلار-
نىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە ئىنكار قىلىنىشى ئاستىدا زامانى-
ۋىلىقنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى ۋە
جەمئىيەت تىپىنى بەرپا قىلىش جەريانى بولغاچقا، بۇ خىل
ئەھۋالدا مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەنئەنىۋى فورمىدىكى
جەمئىيەت تىپى بىلەن زامانىۋى جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا
ماھىيەتلىك يىمىرىلىش ۋە روشەن ئۈزۈكچىلىك كۆرۈ-
لۈپ، جەمئىيەت ئۆزىنىڭ تارىخىي بىر پۈتۈن گەۋدە سۈ-
پىتىدىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىۋى ئاساسىنىڭ چاك-چېكى-
دىن بۆسۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، نەتىجىدە جەمئى-
يەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىجتىمائىي
مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا ئۆز ئەنئەنىسىگە قارىتا شەكىللەن-
گەن كوللېكتىپ خاتىرەنىڭ (ئەسلىمىنىڭ) يوقىلىشىنى
بەدەل قىلغان خاتىرە كرىزىسى ③ نى كەلتۈرۈپ چىقا-
رىدۇ. يەنى، جەمئىيەت ئۆزىنىڭ پۈتۈنلۈكى نۇقتىسىدىن
ئۆتمۈش تارىختىكى ئورتاق تەجرىبىلەر، كەچمىشلەر ئا-
ساسىدا شەكىللەنگەن كوللېكتىپ خاتىرە سۇسلىشىشقا ۋە
ھەتتا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

شەخس قاتلىمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇتلەق كۆپ
قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە يۈز بەرگەن،
ئۆزىگە نىسبەتەن بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار دەپ قارىغان
ئىش-پائالىيەتلەرنى ۋە ياكى نەرسىلەرنى ئەسلىمە سۈپىتى-
دە مەلۇم خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق خاتىرىلەيدۇ. مەسى-
لەن، سۈرەتكە چۈشۈش، كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ۋە
ياكى مەلۇم خىل خاتىرە بۇيۇمنى ساقلاش دېگەندەك...
كىشىلەر مۇشۇ خىل جەريانلار ۋە زۆرۈر ۋاستىلەر ئارقى-
لىق ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىگە قارىتا مەلۇم خاتىرە شەكىللەن-
دۈرىدۇ. ئالبۇم، كۈندىلىك خاتىرە قاتارلىقلار بۇ جەريان-
دا شەخسنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى خاتىرىسىنى ئۆزىگە
مۇجەسسەملىگەن پەۋقۇلئاددە گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. شەخس
يەنە كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇ خىل ۋاستىلەر (مەسىلەن،
ئالبۇملارنى ۋاراقلاپ سۈرەتلەرنى كۆرۈش، كۈندىلىك
خاتىرىلەرنى ئوقۇش دېگەندەك) بىلەن ئۇچرىشىش ئار-
قىلىق ئۆزىنىڭ «ئەنئەنە»سىنى ئەسلەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا ئۆزىدىن كۈنسېرى يىراقلىشىۋاتقان ئۆتمۈشى
ھەققىدىكى شەخسىي خاتىرىسىنى روشەنلەشتۈرىدۇ، مۇس-
تەھكەملەيدۇ ۋە بۇ خىل ئامىللارنى بەلگىلىك ئىجتىمائىي
تارىخىي شارائىتتا ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ شەكىللىنىش، ئويغى-
نىش ۋە ياكى كۈچىيىش مەنبەسى قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا
ئوخشاشلا مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپ، جۈملىدىن بىر
پۈتۈن مىللەت، ئېتنىك گۇرۇھ، جەمەت ۋە ئائىلە قاتار-
لىقلاردىمۇ ئۆزىگە ئورتاق بولغان كوللېكتىپ خاتىرىلەر-
نى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ھەر خىل جەريانلىرى، ۋاستىلى-
رى ۋە تارىخىي ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ. بۇ
يەردىكى شەخس دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن مەلۇم
كوللېكتىپ ئۆزىگە تەۋە ئىجتىمائىي توپنىڭ ئومۇمىي
گەۋدىسىگە نىسبەتەن ئەڭ ئورتاق ئىجتىمائىي سەرگۈ-
زەشتىلەر ۋە تەجرىبىلەر (مەسىلەن، مەلۇم بىر تارىخىي
ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش-ۋەقە، بالايىئاپەت، ئىنقىلاب... قا-
تارلىقلار) ئارقىلىق كوللېكتىپ خاتىرە شەكىللەندۈرىدۇ.

uyghurkitap.com



مۇشۇ خىل خاتىرىلەر دەل شۇ دەۋردىكى تارىخنىڭ تاللانغان قىسمىدۇر. مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دەل يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي خاتىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، بۇ زامانئۇلىق بىلەن ئەنئەنىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئاساسلىق بەلگە قىلىپ ئىپادىلىنىۋاتقان، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تارىخ ئېڭى كۈنسېرى ئاجىزلاۋاتقان ۋە ھەتتا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن زامانىۋى مۇھىتتا ئويغىتىش خاراكتېرلىك مەدەنىيەت فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى تارىخىي كوللېكتىپ خاتىرىنى ئەسلىتىدۇ. تارىخىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆزىنىڭ شەكىللىك ۋە شەكىلسىز ھالەتتىكى مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭغا مۇجەسسەم بولغان تارىخىي سىمۋوللۇق مەنىلىرى بىلەن ئۆتمۈشنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا جانلىق نامايان قىلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزنى ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زامان چەكلىمىسىدىن سىمۋوللۇق رەۋىشتە ھالقىتىپ شۇ خىل مىراس شەكىللەنگەن ئۆتمۈش ماكان ۋە زاماننىڭ قوينىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇ ئارقىلىق بىزنى ئۆتمۈش بىلەن رېئاللىقنىڭ دىيالوگ رامكىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ خىل بىر يۈرۈش پائالىيەت جەريانىدا بىزنىڭ شۇ خىل ئۆتمۈش ھەققىدىكى خاتىرىمىز روشەنلىشىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەر بىر مەدەنىيەت مىراسى بىر خىل ئىجتىمائىي خاتىرىنىڭ مەھسۇلى ۋە شۇنداقلا سىمۋوللۇق گەۋدىسى، كوللېكتىپ خاتىرىنى توختاۋسىز تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى. مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھازىرقى دەۋر خاراكتېرلىك ئەھمىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىچكىرىلەپ مۇلاھىزە قىلساق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىش مۇمكىنكى، مەدەنىيەت مىراسلىرى مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆز ئەنئەنىسىگە قارىتا شەكىللەنگەن كوللېكتىپ خاتىرىسىنىڭ زامانئۇلىق مۇھىتىدىكى كۈنسېرى ئاجىزلاۋاتقان زەئىپ ھالىتىنى روشەنلەشتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى. ئىنسانشۇناس جېففرېي ئولىك (Jeffery.Olick) «بىز ئۈچۈن قېپقالغان خاتىرە (ئەس) يوقنىڭ ئورنىدا بوپقالادى، بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە خاتىرە ھەققىدە شۇنچە كۆپ سۆزلىشىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر» ④، دەيدۇ. بۈگۈنكى زامانئۇلىق مۇھىتىدىكى جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك دۇچ كەلگەن مىسلىسىز خاتىرە يوقىتىش كرىزىسى جەريانىدا مىراسلارنىڭ قىزىلىشى ئەنئەنىۋى خاتىرىلەرنى تىرىلدۈرۈش، جانلاندۇرۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ۋە شۇ ئارقىلىق مىللىي كىملىكنىڭ تارىخىي ئالاھىدە خاراكتېرلىك مەنىۋى ئاساسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدىكى بۈيۈك قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىراس دېگەن قارالغۇسى ھەرقانداق بىر ماددىي ئوبيېكت بىزگە ئۆزى ئىختىرا قىلىنغان مۇئەييەن تارىخىي ماكان ۋە زاماننىڭ ئومۇمىي ۋە ياكى بەلگىلىك ھالەتلىرىدىن ئۇچۇر بېرەلىگەچكە، ئۇ تارىخنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەدەنىيەت مىراسلىرى تەتقىقاتى ساھەسىدە زور تەسىرگە ئىگە ئىنسانشۇناس روبېرت خېۋىسون (R.Hewison)نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «مىراسقا بولغان بۇ خىل ئومۇمىيۈزلۈك ئىشىنىش مىراسنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى قىممىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. گەرچە مەدەنىيەت مىراسلىرى بەزىدە تارىخ بىلەن بىردەك بولمىغان ۋە ياكى غەيرىي تارىخىي (تارىخقا زىت) ئېلېمېنتلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئېلېمېنتلار مەدەنىيەتنىڭ چىنلىقىنى كۈچەيتىدۇ. چۈنكى بۇ خىل بۇيۇملار ھەققەتەن تارىخىي جەھەتتىن توغرا بولغان، ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغان نۇرغۇنلىغان ماددىي بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا بۇ خىل بۇيۇملار تەدرىجىي ھالدا مىللىي (دۆلەت) كىملىك، مەھەللىۋى كىملىك ۋە ھەتتا شەخسىي كىملىكنىڭ ئۇلتىشىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ»⑤. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تارىخنىڭ ماددىيلاشقان ھالىتى ۋە ياكى ماددىيلاشقان تارىخ دەپ قاراش مۇمكىن. تارىخىي ئىش- پائالىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب- نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، مىللىي گەۋدىنىڭ ئۆتمۈش تارىخقا تەۋە ماكان ۋە زامان بوشلۇقىدا ئىختىرا قىلىنغان مەدەنىيەت سەمەرىلىرى شۇ مىللىي قوۋمنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلىشىۋاتقان ۋە ھەتتا يوقىلىۋاتقان ئەنئەنە، تارىخى ھەققىدىكى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي خاتىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى دەۋردە دۇنياۋى كۆلەمدە كۆتۈرۈلگەن مىراس ھەرىكىتى ۋە مىراس قىزغىنلىقىنى زامانئۇلىق رامكىسى دائىرىسىدىكى ئەنئەنىنىڭ قايتا ئىجاد

قىلىنىشى ياكى ئۆتمۈشتىكى ئۆرنەكنىڭ قايتا باشلىنىشى دەپ قاراش مۇمكىن. ئۇ ئايرىم يەككىلىك سۈپىتىدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇھىتىدا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئوبرازى بىلەن مىللىي كىملىككە ئېرىشىشىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، مىللىي ئۆزلۈكنىڭ مەدەنىيەت ئارخېئولوگىيەسى ئارقىلىق قېزىلىش جەريانى، شۇنداقلا مىللىي ئۆزلۈكنىڭ كىملىك قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىشىنىڭ ھالقىلىق جەريانىدۇر. چۈنكى مىللىي مىراسلارنى يىغىش-توپلاش ۋە ئۇنى قوغداش ماھىيەتتە ئالدى بىلەن زامانىۋىلىق مۇھىتىدىكى ئەنئەنىنىڭ ئەسلىگە قايتۇرۇلۇشى ياكى ئۆتمۈشنىڭ سىمۋوللۇق بايلىقلىرىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش جەريانى بولۇپ، بۇ دەل زامانىۋىلىق ۋە ئۇنىڭ جىددىي ئويلىنىش خاراكتېرى بىلەن يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، زامانىۋىلىقنىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەدەنىيەتلەرنى ماھىيەت يېقىدىن بىردەكلەشتۈرۈش ۋە ياتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت قوش بىسلىق ئىدىيەۋى ئېقىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە مەلۇم ئىجتىمائىي توپ ۋە ياكى شەخسنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى بايلىقلارنى توپلاش، قېزىش ۋە ئۇنى يۆتكەپ ئىشلىتىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆتمۈشتىكى كونا خاتىرىنى قايتا قۇرۇشى قاتارلىقلارنى زامانىۋىلىقنىڭ باشقا بىر خىل شەكىلدىكى جىددىي ئويلىنىش خاراكتېرلىك يۈزلىنىشى ۋە ئۆتمۈشتىكى سىمۋوللۇق بايلىقلار ئارقىلىق بۈگۈنكى دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسى ۋە يادرولۇق قىممەت قاراشنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى يۆنىلىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەريانى دەپ قاراش مۇمكىن. شۇڭا بۇ جەرياندا مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش ۋە ئۇنى قوغداش ناھايىتى تەبىئىيلا مىللىي ئەنئەنىۋى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى ئاڭلىق، مەقسەتچانلىققا ئىگە خاھىش بىلەن ئىجاد قىلىشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسىگە ئايلاندى.

2. كىرىزىس، تەنقىد ۋە ئويلىنىش

گەرچە مىللىي مىراسلارنى يىغىش-توپلاش ۋە ئۇنى قوغداش ھەرىكىتى يۇقىرىقىدەك تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي مۇددىئالارنىڭ تۈرتكىسىدە باشلانغان ۋە بىر مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مىراستىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولمىش بۇ ھادىسە ئۆزىنىڭ تارىخىي راۋاجى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ۋارىسلىق قىلىش ۋە قىلىنىشتەك بىر يۈرۈش مۇرەككەپ، كۆپ قۇتۇپلۇق مۇناسىۋەت دائىرىسى، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى يەرلىك مەدەنىيەت مۇھىتىدىن بىراقلا ھالقىپ تېخىمۇ مۇرەككەپ، ئىستېرېئولۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت بوشلۇقىغا سىڭىپ كىرىشى بىر پۈتۈن مىراس ھەرىكىتىنى مۇرەككەپ كىرىزىسقا باشلاپ قويدى. مىراسقا قارىتا چۈشەنچە تەبىر بېرىش ۋە تۈرلەش مەسىلىلىرى، مىراسنىڭ شەكىللىنىش، ۋارىسلىق-ئىگىدارچىلىق مەسىلىلىرىنىڭ شەرھلىنىشى، قوغداش مەشغۇلاتى ئەندىزىسىگە ئالاقىدار مۇناسىۋەت تورىنىڭ كۆپ خىللىقى، مەدەنىيەتنىڭ كاپىتاللىشىش دولقۇنى ۋە ھەتتا مەخسۇس مىراسچىلىق كەسپىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ تەڭلا يامرىغان «مىراس ئىجاد قىلىش» دولقۇنى... قاتارلىقلار بىر پۈتۈن مىراس ھەرىكىتىنى ئىنتايىن مۇرەككەپ زىددىيەتلىك ھالەتكە باشلاپ كىردى. ئومۇمەن مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەرىكىتى بىر يۈرۈش كىرىزىسلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغاچقا بۇ ھەقتە جىددىي ئويلىنىش مەزكۇر تەتقىقات ساھەسىدىكى ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ زور دىققىتىنى قوزغىدى.

ئالدى بىلەن مىراس ئۇقۇمىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا تەبىر بېرىش مەسىلىسى دۇچ كەلگەن كىرىزىس: مىراس ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق باشلامچىسى بولغان ب د ت يەن-ماائارىپ تەشكىلاتى ئەڭ دەسلەپ مىراس ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىش ئارقىلىق مىراس ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشىغا باشلامچى بولغان. شۈبھىسىزكى ئۇقۇمنىڭ تەبىرى شۇنىڭغا تەبىر بەرگۈچى سۇبيېكتنىڭ دۇنيانى چۈشىنىش، بىلىش ۋە تونۇشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن شەيئىلەرنى تۈرلەش ئۇسۇلى بىلەن ئىنتايىن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئەلۋەتتە ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلۈش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدىغان بىلىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، دۇنياۋى خاراكتېرلىك نوپۇزلۇق ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن ب د ت يەن-ماائارىپ تەشكىلاتىنىڭ مىراس ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە تەبىر بېرىش مەسىلىسى شۈبھىسىزكى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئەندىزىلەشتۈرۈش خاھىشىنىڭ تەسىرىدىن قەتئىي خالىي ئەمەس. بۇ

www.uyghurkitap.com


خىل چۈشەنچە ۋە تەبىر مەسىلىسى مىراسلارنى توپلاش ۋە يىغىش ئەمەلىيىتىدىكى كونكرېت مەشغۇلات جەريانىدا مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان، خىلمۇخىل رايون، مىللەت ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرلىك پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق كېلىپ چىقىدىغان مىراس چۈشەنچىسى ۋە تەبىر بېرىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشقا قادىر بولالىشى ناتايىن. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن بىلىش ئۇسۇلى، ئالەم قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى مەسىلىسى مۇقەررەركى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيانى چۈشىنىشى ۋە شۇ ئاساستا شەيئىلەرنى تۈرلەش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تىپى تەۋەلىكىدىكى مىراس دەپ قارالغان نەرسىلەر بىلەن ب د ت پەن-مائارىپ تەشكىلاتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى «مىراس» ئۇقۇمى دائىم بىردەكلىك ھاسىل قىلالىشى ناتايىن. مەسىلەن، «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ئۇقۇمى ئارقىلىق شەكىلسىز ھالەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھادىسىلەرنى مىراس دەپ قاراش توغرا كەلسە ئۇنداقتا سۇبيېكتىپ دۇنياغا تەئەللۇق بولغان ئاڭ-ئىدىيە، قىممەت قاراش، دۇنيا قاراش ۋە ياكى دىنىي ئېتىقاد دېگەنلەرنىمۇ بۇ كاتېگورىيەگە تەۋە قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە مۇقەررەر تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا يەنە قايسى خىل تەبىرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئايرىتىش مۇمكىن؟

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەر مىراس ھەرىكىتىنىڭ چۈشەنچە ۋە ئەمەلىي مەشغۇلاتى جەريانىغا قارىتا بىلىش خاراكتېرلىك مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى ھەم مىراس ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە تەبىر بېرىش مەسىلىسى دائىرىسىدىكى ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى.

«مەدەنىيەت مىراسلىرى» ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىش جەريانىدا ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن يۇقىرىسى ب د ت مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىدىن تارتىپ تۆۋىنى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ئورۇنلارغىچە مىراس ئۇقۇمىنى بىر خىل مىقدارلاشقان، ئۆلچەملەشكەن ۋە ياكى ھەر خىل زۆرۈرىيەت تۈپەيلى قېلىپلاشتۇرۇلغان رامكا ئىچىدە چۈشىنىشكە باشلىدى. نەتىجىدە مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇقۇمىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك ئىختىلاپلار كېلىپ چىقتى، ئاۋامنىڭ، زىيالىيلارنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ، مىراسنى باھالاپ بېكىتكۈچىلەرنىڭ ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات قىلغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە مىراس بولغۇچى ئوبيېكت ھەققىدىكى چۈشەنچە ئوخشاش بولمىدى. بەزى بۇيۇملار ۋە ياكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرىپ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىشى يەنە بەزى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بۇ خىل ئىمتىيازغا ئىگە بولالماسلىقى بۇنىڭ تىپىك ئىپادىلىرىدۇر.

مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇش ئىلمىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ خىل مەدەنىيەت ئىختىرا قىلىنغان كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بوشلۇقىغا تەۋە بولىدۇ ۋە شۇ خىل مەدەنىيەت بوشلۇقى ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق مەۋجۇتلۇق مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بوشلۇقى مەلۇم خىل مەدەنىيەت ئېلېمېنتىنىڭ مەنىسىنى نامايان قىلىشتا كەم بولسا بولمايدۇ. مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بوشلۇقى دەل مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقىنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئالقىشلانغان جاز مۇزىكىلىرى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئورۇندالسا تاماشىبىنلاردا جىڭجۇ تىياتىردەك ئۈنچىۋالا يۇقىرى ئېستېتىك زوق پەيدا قىلالماسلىقى بەرھەق، ئۇيغۇر مۇقاملىرىمۇ باشقا ئەللەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئېستېتىك سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىشتا تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقىدا شەك يوق. مۇشۇ مەنىدىن چۈشەنگەن ۋاقىتتا كونكرېت مەدەنىيەت ئېلېمېنتى بىلەن ئۇنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بوشلۇقىنى باغلاپ چۈشىنىش مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئەمەلىيىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مېتودولوگىيەلىك مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىنسانشۇناس رونالد. كوخېن ناھايىتى مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەدەنىيەت كونتېكىست (مەدەنىيەت مۇھىتى) مەسىلىسى ھەم ئىدېيولوگىيەلىك ھەم تارىخىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى كونتېكىستنى بىر خىل مېتودولوگىيەلىك مەسىلە دەپ ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن. شۇڭا

كىشىلەرنىڭ پائالىيەت-پوزىتسىيەلىرى، ماددىي مەدەنىيەتلەر، دىنىي ئېتىقاد، قىممەت قاراشلار ۋە پەرھىزلەر...نىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى شەكىللەنگەن كونتېكستقا (مەدەنىيەت مۇھىتىغا) قويۇلۇپ چۈشىنىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى بىزدىن يىراقلاپ كېتىدۇ» ⑥. ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بېكىتىش ۋە تەستىقلاش جەريانى مەدەنىيەتنى تاللاپ سۈزۈش خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى مەدەنىيەت مىراسلىرى سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزەرى يەنىلا مۇشۇ خىل تاللاش، شاللاش مېخانىزمىدىن ئۇتۇقلۇق ئۆتكەن مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تىكىلدى. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات راۋاجى رامكىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئەندىزىلەشتۈرۈلگەن، مىقدارلاشتۇرۇلغان ئۆلچەملەر، تەبىرلەر رامكىسىغا قويۇپ باھالاش جەريانى تەبىئىيلا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى مىراس پائالىيىتىنىڭ قۇربانى قىلىۋەتتى. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئىلتىماس شەكلىدە تەستىقلىنىشى، باھالىنىشى ۋە رەتكە تۇرغۇزۇلۇشى شۇ خىل «مىراس»لىق ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بىر خىل قانۇنىي كاپالەتكە ۋە نوپۇزغا ئىگە قىلغاچقا، بۇ خىل ئىمتىيازغا ئېرىشەلمىگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى تەبىئىيلا كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزەرىنىڭ سىرتىدا قالدى. مەلۇم مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ئىچكى قىممىتى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مىقدارلاشتۇرۇلغان، ئەندىزىلەشتۈرۈلگەن ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان تەبىر ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق باھالانغاچقا، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى تەبىئىيلا تاللاش ۋە تاللىنىش خىرىسىغا دۇچ كەلدى. نەتىجىدە تاللاپ باھالىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالمىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي ئىچكى قىممىتى ۋە مەۋجۇتلۇق ھالىتى زور دەرىجىدە سەل قارالدى. كىشىلەردە ئوخشاش بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە قوش ئۆلچەم (بەزىدە كۆپ خىل ئۆلچەم) قوللىنىش خاھىشى شەكىللەندى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئوخشاش بىر مىللەتكە تەئەللۇق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدە «مەدەنىيەت مىراسى» نامىغا ئېرىشكەن مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى بىلەن بۇ خىل مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشەلمىگەن مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان كۆز بىلەن قارايدىغان كەيپىيات بارلىققا كەلدى. مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ ھالەت «مەدەنىيەت مىراسى» نامىغا نائىل بولالمىغان مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىغا نىسبەتەن بىر خىل مەدەنىيەت كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالىغا تولىمۇ يېقىن ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كۆنسېرى يامرىشى مەدەنىيەتنىڭ كونكرېت سۇبيېكتى بولمىش مىللەت ئەزالىرى ئارىسىدا «مەدەنىيەت مىراسلىرى» سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا بىر خىل مىراس ئاڭلىقلىقى ئىچكى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇنى مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق بولغۇسى ئېھتىمالى بار مەدەنىيەت كىرىزىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئەسكەرتتى.

ئىككىنچى خىلدىكى كىرىزىسلار ئاساسلىقى مەلۇم خىل مەدەنىيەت ئېلېمېنتىنىڭ مىراس سۈپىتىدە ئىزچىل داۋام قىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ئىگىدارچىلىق، ۋارىسلىق جەريانلىرىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. 1983-يىلى ئەنگلىيەدە چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك دۆلەتلىك مىراس يىغىنىدا مىراس ئۇقۇمىغا تۆۋەندىكىدەك تەبىر بېرىلگەن: «مىراس ئادەتتە ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلار ساقلاپ ‹ھازىرقى دەۋرگىچە› يەتكۈزۈپ كەلگەن ھەم يەنە مەلۇم بىر توپ كىشىلەر كەلگۈسى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ» ⑦.

يۇقىرىقى تەبىر بىزگە مىراس دەپ قارالغۇچى ئوبيېكتتا قەتئىي بولمىسا بولمايدىغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئامىلنى ئەسكەرتىدۇ. بىرىنچىدىن، مەلۇم بىر خىل تەۋەررۈك بۇيۇم: بۇ، كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان، ئېتىراپ قىلىنغان، ئىلگىرىكى ئەجدادلار تەرىپىدىن قالدۇرۇپ قويۇلغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ (بۇ خىل نەرسىلەر ئادەتتە ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە فولكلور شەكلىدە ساقلانغان، ئەمما زامانىۋى جەمئىيەتتە كۆپىنچە قانۇن تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلغان نەرسىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ). ئىككىنچىدىن، ۋارىسلىق پرىنسىپى: بۇ ئادەتتە نىسبەتەن ئۇزاقراق بولغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، مەلۇم مىللەت، ئېتنىك گۇرۇھ، نەسەب ۋە ياكى

www.uyghurkitap.com



جەمەت ھەتتا ئائىلە تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە
ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ۋارىسلىق شەكلىنى كۆرسىتە-
دۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مىراس ھەققىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە
مەجبۇرىيەت: مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچى مىراسقا ۋارىس-
لىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئۇنىڭ زىممىسىگە يەنە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى مەسئۇل-
يەت ۋە مەجبۇرىيەت يۈكلىنىدۇ. مەسىلەن، مىراسنىڭ
مەلۇم مىللەت، ئېتنىك گۇرۇھ ۋە نەسەب ياكى جەمەت
ھەتتا ئائىلە دائىرىسىدە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنىشىغا كاپا-
لەتلىك قىلىش دېگەندەك. يۇقىرىقىلارنى بىرلەشتۈرۈپ
ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزە قىلغان ۋاقىتتا بىز تەبىئىيلا، مىراس
بىر خىل ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنى روشەن ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەت تىپىدىن ئىبارەت،
دېگەن چۈشەنچىگە كېلىمىز. شۇنداق بولغانىكەن ئەگەر
ھەرقانداق بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن يۇقىرىقى ئۈچ خىل
ھالقا ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرچاس لوگىكىلىق ئايلانما مۇ-
ناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالسا ئۇنداقتا بۇ خىل ئوبيېكتنىڭ
«مىراس»لىق ئۆمرى ئاخىرلاشقان بولىدۇ ياكى مۇكەم-
مەل مەنىدىكى مەۋجۇتلۇق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىدۇ.

مىراسنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى مەدەنىيەتنىڭ پەيدا
بولۇش ئىلمىي نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلغان ۋاقىتتا
مىراس شەكسىزكى شۇنى ئەڭ دەسلەپ پەيدا قىلغان ۋە
ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن شۇنىڭغا ئەڭ يېقىن
بولغان مەدەنىيەت سۇبيېكتىغا تەۋە دەپ كېسىپ ئېيتالاي-
مىز. لېكىن بۈگۈنكى مىراس توپلاش ۋە قوغداش ئەمەلى-
يىتى جەريانىدا مىراسنىڭ يۇقىرىقىدەك مەۋجۇتلۇق لوگى-
كىسىغا زىت كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ.
مەشغۇلات ئەندىزىسىدىن قارىغاندا، بۈگۈنكى كۈندىكى
مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىلتىماس قىلىش، تەستىقلىتىش،
ئۇلارنى يىغىش ۋە مۇناسىپ تەدبىر - سىياسەتلەرنى تۈر-
غۇزۇشتەك پائالىيەت جەريانلىرى كۆپىنچە «يۇقىرىدىن-
تۆۋەنگە قاراپ ئىش كۆرۈش»تەك پائالىيەت ئەندىزىسى
بويىچە ئېلىپ بېرىلغاچقا، مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ رېئال-
لىقتىكى ھەقدار بولمىش ئادەتتىكى ئاۋامنىڭ بۇ جەرياندى-
كى پائالىيەتچانلىقى ۋە ساداسى بىر ياققا قايرىلىپ قالدى.
مىراس ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى ئومۇمىي
ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خىلمۇخىل بيۇروكراتچىلىق،
ھوقۇق، نوپۇز ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت قاتارلىق ئېلىپ-
مېتىلار بۇ ساھەگە سىڭىپ كىرگەچكە، مىراس دەپ بېكى-
تىلگەن مەدەنىيەتنىڭ سۇبيېكتى بىلەن ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى
ھەقدار ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەلىك ۋە ھوقۇق- مەجبۇرىيەت
مۇناسىۋەتلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە خىرىسقا
دۇچ كەلدى. شۇنداق بولغانىكەن گەرچە بۈگۈنكى
كۈندە مىراس پەقەت ماددىي مەدەنىيەت ۋە ياكى غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت ئۇقۇمى سۈپىتىدە چۈشىنىلسىمۇ،
لېكىن ئۇ ماھىيەتتە بىر خىل ھوقۇق ۋە ياكى ھوقۇقنىڭ
مەھسۇلىغا ئايلىنىپ قالدى. بىز مەلۇم مەدەنىيەت ئېلېمېنت-
لىرى «مىراس»لىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ - يۇ
لېكىن باشقا مەدەنىيەت ھادىسىلىرى نېمە ئۈچۈن بۇ خىل
سالاھىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، دېگەن مەسىلىنى نوقۇل شۇ
خىل ئېلېمېنتنىڭ مەدەنىيەت فورماتسىيەسى بولۇش ھالىتى
بىلەنلا ياكى مەدەنىيەت ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىپ
قالماي ئۇنى مەدەنىيەت ساھەسىدىن ھالقىغان تېخىمۇ
كەڭ بوشلۇقتا قويۇپ مۇلاھىزە قىلغان ۋاقتىمىزدىلا بۇ
نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. يەنىمۇ ئوچۇقراق
قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم نەرسىنىڭ مىراس بولۇش ياكى
بولماسلىقى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەۋە بولغۇچى
سۇبيېكت تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى تاشقى كۈچنىڭ ئۇ-
نىڭغا قارىتا تۇرغۇزغان بىر قاتار ئۆلچەملىرى تەرىپىدىن
بەلگىلىنىدىغان بولدى. مىراسنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قال-
دۇرۇلۇشى ۋە شۇ ئارقىلىق مىراسقا ئىگىدارچىلىق قىلغۇ-
چى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي خا-
تىرىسى ۋە كىملىكىنى تەشكىل قىلىشتىن ئىبارەت ئەسلى-
دىكى بۇ خىل ئۆزىگە خاس ماھىيەتلىك قىممىتى
ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇرمىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە
نام- ئاتاق ۋە ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشتىكى بىر خىل
مەدەنىيەت كاپىتالىغا ئايلاندى. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا قو-
شۇلۇپ بۈگۈنكى كۈندە يەرشارىلىشىشنىڭ كۈنسېرى كې-
ڭىيىشى، كاپىتالنىڭ ئايلىنىشى قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ مى-
راسنىڭ ئۆزىگە خاس ساپ ھالىتى بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچراپ، مىراسقا قارىتا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ئاڭلىق-
لىق تومۇرى ئۈزۈۋېتىلدى. بۇ جەرياندا مىراس مەلۇم
سۇبيېكتقا تەۋە بولغان سىمۋوللۇق بەلگە بولۇش رولى-
دىن ئۆزگىرىپ خالىغانچە تەكرار ئىشلەپچىقارغىلى ۋە
نۇسخىلىغىلى بولىدىغان تاۋار شەكلىگە كىردى. شۇنداق
قىلىپ بۈگۈنكى كۈندىكى مىراس ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپ-

كى مىراسلىق ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان خۇ-
سۇسىيەتتىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك بۇگۈنكى دەۋر ۋە جەم-
ئىيەت تەرىپىدىن مەقسەتلىك يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان سىم-
ۋوللۇق كاپىتال رامكىسىغا كىردى...

قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا
شۇكى، ئەڭ دەسلەپ ب د ت پەن-مائارىپ تەشكىلاتى
تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنغان (ئىنسانىيەت مىراسلىرى) شو-
ئارى يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ بىرىگە ۋەكىللىك قىلى-
شى مۇمكىن. ئاڭلىماققا ئىنسانىيەت مىراسى دېگەن بۇ
ئېيتىم مىللەت، ئىرق ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىغان
ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەنىڭ زامانىۋى مۇھىتىنكى باشقا
بىر خىل ۋارىيانتىدەك قىلىدۇ. كەڭ مەنىدىن چۈشەنگەن-
دە بۇ خىل ئاتالغۇنىڭ مەنىسى پۈتۈنلەي توغرا ھەم ئوب-
يېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. ئەمما مىراس ھەرىكىتىنىڭ
مەقستى ۋە كونكرېت جەريانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
قارىغىنىمىزدا بۇ خىل ئېيتىمدا مىراسنىڭ ئىگىدارچىلىق دا-
ئىرىسىنى ئەڭ كەڭ، ئەمما ئىنتايىن ئابستراكتلاشتۇرۇل-
غان (ئىنسانىيەت) ئۇقۇمىغا يىغىنچاقلاپ قويۇش ۋە شۇ
ئارقىلىق مىراسنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى ئەڭ كونكرېت
مەنىدىكى سۇبيېكتىنى، يەنى ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسىنى
پۈتۈنلەي غۇۋۋالاشتۇرۇۋېتىشتەك روشەن خاھىش
مەۋجۇت. شۇبھىسىزكى، (ئىنسانىيەت) ئۇقۇمىدىن
كونكرېت بىرەر مىللەت ۋە ياكى ئىرق ۋە ياكى مۇئەي-
يەن مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسى
بولمىش بىرەر قوۋمنىڭ ئوبرازىنى كۆرۈۋالغىلى بولماي-
دۇ. مىراس ھەرىكىتى جەريانىدا كۆرۈلگەن بۇ خىل هادد-
سە ماھىيەت جەھەتتىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۇقۇمىنى
ئەڭ زور دەرىجىدە بىردەكلەشتۈرۈش خاھىشىنى ئەكس
ئەتتۈرسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئىجتىمائىي خاھىشنى مىراس
ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا ئۇ كونكرېت مىراس بىلەن ئۇنىڭغا
قارىتا ھەقىقىي ئىگىدارچىلىق قىلىشتەك ھوقۇق-مەجبۇرد-
يەتلەرگە ئىگە كونكرېت مىللەت، نەسەب، جەمەت ۋە
ھەتتا ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىنتايىن غۇۋا-
لاشتۇرۇۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئەھۋال مىراس ھە-
رىكىتىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە تولىمۇ پايدىسىز. مىراسنىڭ
سۇبيېكتىنىڭ بۇ خىل ئېيتىم رامكىسى ئارقىلىق غۇۋالاشتۇ-
رۇلۇشى بىر تەرەپتىن مىراسنىڭ مەدەنىيەت رېئاللىقىدىكى
ھەقىقىي قانۇنلۇق ھەقدارىنىڭ مىراسقا ئىگىدارچىلىق
قىلىش تۈيغۇسى ۋە شۇ ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان مەجبۇ-
رىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.
يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل ئەھۋال بۈگۈنكى كۈندىكى
مىراس ھەرىكىتىنىڭ سىجىل داۋام قىلىشىنى بەلگىلىك
چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى مىراسنىڭ رېئاللىقتىكى
سۇبيېكتى مىراسلارنى توپلاش ۋە قوغداش پائالىيتى
جەريانىدا ئەڭ روشەن دەرىجىدە كونكرېتلاشتۇرۇلمىغان-
دا مىراسنىڭ ئۆزىگە خاس سىجىل مەۋجۇتلۇق لوگىكىسى
قالايمىقانلىشىدۇ ۋە ھەتتا ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ، نەتىجىدە
مىراس ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىي مەقستى بىلىش خاراكتېرلىك
خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان
كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان كەڭ كۆ-
لەملىك ساياھەتچىلىك دولقۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆ-
رۈلگەن نوپۇسنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى مەسلىسى مەيلى
ماكان ياكى زامان نۇقتىسىدىن بولسۇن مەدەنىيەتلەرنىڭ
ھەر خىل فورمىدىكى ئۇچرىشىشىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈ-
ۋەتتى. چۈنكى ساياھەتچىلىك يۇكسەك ئىقتىسادىي تەرەق-
قىياتنىڭ تۆرتكىسىدە پەيدا بولغان بىر خىل ئاممىۋى پائا-
لىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشاش بولمىغان مەدەنى-
يەت تىپىغا تەۋە نوپۇسنىڭ دەۋرىيلىك ھالدا كەڭ كۆلەم-
دە ماكان ھالقىپ يات مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى ساياھەت
پائالىيتى ئارقىلىق ساياھەت رايونىدىكى مەدەنىيەتنىڭ
ئومۇمىي مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە يوشۇرۇن خەۋپلەرنى
ئېلىپ كەلدى. ساياھەتچىلىك ئەمەلىيەتتە يەرلىك مەدەنى-
يەتلەر بىلەن خاراكتېرداشلىق پەرقى زور بولغان خىل-
مۇخىل سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ شىددەت بىلەن يوپۇرۇ-
لۇپ كىرىشىگە يول ھازىرلاپ، روشەن يەرلىك خۇسۇسى-
يەتكە ئىگە يەرلىك مەھەللىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ
مەدەنىيەت ئىستېمالىزمى ۋە شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ كاپى-
تاللىشىش شەكلى ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە
يات ھالدىكى قىممەت قاراش ۋە مەدەنىيەت تەركىبلىرى-
نىڭ قوشۇلۇپ كېلىشىغا، شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت مىراسلى-
رىنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا قايتا ئىشلەپچىقىرىلىشىغا سەۋەب
بولدى. ئىقتىسادىي كۈچ، ھوقۇق-ئىمتىياز، ئۇنىۋېرسال
ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە تەرەققىي قىلغان ئەللەر
دىكى نوپۇس ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى نىسبە-

تەن قالاق ھالەتتىكى 3 ـ دۇنيا ئەللىرىگە ساياھەت پائا-
لىيىتى شەكلىدە شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، ئۆزد-
ىنىڭ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىنى ساياھەت پائالىيىتى جەريانى-
دىكى ئاكتىپلىقىنىڭ مەنبەسى قىلىپ، ساياھەت رايونلىرد-
دىكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە خالىغانچە ئۆزگەرتىش
كىرگۈزىدىغان قىلمىشلار ئەۋج ئالدى. مەسىلەن، كەمىنە
ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلى-
رىدا ئېلىپ بارغان بىر مەزگىللىك ئەمەلىي تەكشۈرۈش
جەريانىدىن شۇنى بايقىدىمكى، ساياھەتچى سۈپىتىدە
سىرتتىن كىرگەن نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەر پائالىيەت
جەريانىدا يەرلىك قەدىمىي مازار، قۇرۇلۇش... قاتارلىق-
لارغا ئۆزلىرى خالىغانچە رەخت پارچىلىرىنى ئارتىپ
قويۇش، خەتلەرنى يېزىپ قىستۇرۇپ قويۇش، قويۇق
مىللىي مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە يەرلىك مۇراسىم،
سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىش ئارقىلىق بۇ
خىل مۇراسىم پائالىيەتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ساپ مەدەنى-
يەت مەنىسىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە نۇقسان يەت-
كۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى كۆ-
تۈۋالغۇچى ساھىبخان مەدەنىيەت تۈركۈملىرىنىڭ يەرلىك
مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلى-
مىشلار ئاللىبۇرۇن بۇگۈنكى دەۋر ساياھەت پائالىيىتىنىڭ
بىر قىسمىغا ئايلىنىپ يەرلىكنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت
ئەندىزىسىگە خەۋپ ئېلىپ كەلگەن. چۈنكى بۇ جەرياندا
يەرلىك مەھەللىۋى خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان مەدەنى-
يەت مىراسلىرى پۈتۈنلەي سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ شىد-
دەتلىك زەربىسى ئاستىدا ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان
نۇرغۇن غەيرىي ئېلېمېنتلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغاچقا
مەدەنىيەتنىڭ ماكان ۋە زامان خاراكتېرلىك قۇرۇلمىلىرى،
مەدەنىيەتنىڭ ساپلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر جىددىي ئويلان-
مىسا بولمايدىغان ھالەتكە كەلدى. كەڭ كۆلەمدە يامرا-
ۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆز
تەتقىقاتىدا بۇ خىل ھادىسىلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلغان
ئامېرىكىلىق ساياھەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتچىسى ناش
(Naah) ھەتتا زامانىۋى دەۋردىكى ئاممىۋى ساياھەتچى-
لىكنى «زامانىۋى ئىمپېرىيەنىڭ بىر خىل شەكلى» دەپ
سۈپەتلىگەن ⑧. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنى نەزەردىن
ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، غايەت زور ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولمىش ساياھەتچىلىك ئالاھىدە بىر
كەسىپ سۈپىتىدە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى توپلاشقان
يەرلىك ساياھەت ئورۇنلىرىغا مىسلىسىز ئىقتىسادىي غىدىق-
لاشلارنى ئېلىپ كەلگەچكە، بۇ خىل ئىقتىسادىي غىدىق-
لاشلارنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆ-
زىنىڭ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىشتىكى ئەۋزەللىكى ئار-
قىلىق يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مېخانىزمىنىڭ
مۇھىم بىر قىسمىغا ۋە تەڭداشسىز يوشۇرۇن كۈچىگە ئاي-
لىنىپ، خىلمۇخىل مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەر دەرىجىلىك
يەرلىك ئورۇنلار ۋە ھەتتا شەخسلەر تەرىپىدىن مەدەنى-
يەت كاپىتالى ۋە ھەتتا سودا كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇلۇپ
يەرلىكنىڭ مۇھىم بىر بايلىق مەنبەسىنى تەشكىل قىلدى.
بۇ خىل ھالەتنىڭ كۆنسېرى يامرىشى نەتىجىسىدە مىللىي
مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەركىن ئېلىپ-سېتىشقا بولىدىغان
تاۋار ــــ مەدەنىيەت مىراسلىرى تاۋىرىغا ئايلاندى. بۇ
جەرياندا مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قىممىتى ۋە با-
ھاسى پۈتۈنلەي تاۋار بازىرىنىڭ قىممەت قانۇنىيىتى ۋە
پىرىنسىپلىرى بويىچە مېخانىك بىر تەرەپ قىلىنىپ، مەدە-
نىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشكەن تارىخىي
خاراكتېرلىك ئىچكى قىممىتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك نەزەر-
دىن ساقىت قىلىندى. كىشىنى تېخىمۇ ئېغىر تەشۋىشكە سا-
لىدىغىنى شۇكى، مەدەنىيەت ئىستېمالىنىڭ شەكىل جەھەت-
تىن كۆپ خىللىشىشى، ماكان جەھەتتىن مىسلىسىز كېڭىيە-
شى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن مۇرەككەپلىشىشى قاتارلىق
رېئال ئامىللارنىڭ تەسىرىدە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى-
نىڭ ئىستېمال دائىرىسى ۋە ئىستېمال ھوقۇقى روشەن
خىرىسقا دۇچ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر
مۇقام-مەشرەپلىرى ۋە خەلق سەنئىتىنىڭ مۇھىم يەرلىك
ۋارىيانتى بولمىش «دولان مۇقامى» ۋە «دولان مەشرى-
پى» ئاتالغۇسىنىڭ سەنئەت ساھەسىدە سەنئەتكارلار تەرد-
پىدىن قالايمىقان ئىستېمال قىلىنىشى بۇ خىل ھادىسىنىڭ
ئىنتايىن تىپىك مىسالىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەت مى-
راسلىرى سودىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئېلىشى مەدە-
نىيەتنىڭ ئوبيېكتى بىلەن سۇبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى تارد-
خىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ سودا شەكلى ئارقىلىق بىر-
بىرىگە ئۆتۈشىنى ۋە شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرد-
شىنى كەڭ يوشۇرۇن بوشلۇق بىلەن تەمىنلىدى. يەنى
مەلۇم خىل مەدەنىيەت تۈركۈمىگە يات كىشىلەر خىلمۇ-
خىل سودا شەكلى ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ ئىقتىسادىي يول
ئارقىلىق كاپىتاللىشىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنى-
يەت مىراسلىرىنى مەدەنىيەت تاۋارلىرى ئورنىدا سېتىش

ۋە سېتىۋېلىش شەكلى بىلەن مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يې-
گىچە شەكىلدىكى تەۋەلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. نە-
تىجىدە مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ھەقدارلىق
ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىگە ئىگە سۇبيېكتلار (ئىجتىمائىي
توپلار) ئالمىشىپ، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ھادىسىسىنىڭ
كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. يىراق كەلگۈسى بىلەن
ئۇزاق ئۆتمۈش ھەققىدە سوغۇققان پىكىر يۈرگۈزگەندە،
بۇ خىل ھادىسىلەر ماھىيەتتە تارىخنى، ئۆزلۈكنى ۋە كىم-
لىكنى، شۇنداقلا مەۋجۇتلۇقنى ئېلىپ سېتىشتىن دېرەك بې-
رەتتى. مەدەنىيەت مىراسلىرى ساھەسىدە كۆرۈلگەن يۇق-
رىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەر بىزگە ئامېرىكىلىق ئىنساد-
شۇناس ناشنىڭ ئاممىۋى ساياھەتچىلىكنى ۋە مەدەنىيەت
ئىستېمالىزمىنى بىر خىل زامانىۋى ئىمپېرىيە دەپ تەسۋىر-
لىگەنلىكىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئەھۋاللار مەدەنىيەت ھەققى-
دىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى ۋە شۇن-
داقلا ۋەزىپىسى قىلغان مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئىلمى-
نىڭ مىللىي مەدەنىيەت ھەققىدىكى نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلى-
يىتىدە مۇھىم بولغان جىددىي ئويلىنىش بوشلۇقى ۋە
تەنقىد بوشلۇقى پەيدا قىلدى. نەتىجىدە مىللىي مەدەنى-
يەت مىراسلىرىنى بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى
تەرەققىياتىدا شەكىللەندۈرگەن پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش
ۋە شۇنداقلا ئەۋلادمۇئەۋلاد سىجىل داۋام قىلىش قاتار-
لىق قانۇنىيەتلىك لوگىكىسى رامكىسى ئىچىگە قويۇپ
شەرھلەش ۋە شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
يىغىش ۋە قوغداش جەريانىدىكى ئەمەلىي مەشغۇلات سا-
ھەسىدە كۆرۈلگەن يۇقىرىقىدەك قاتمۇقات كىرىزىسلارغا
قارىتا تەنقىد قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق بىر پۈتۈن
مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش ۋە قوغداشتىن ئى-
بارەت بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ مۇ-
كەممەل راۋاجلىنىشىنى بىلىش خاراكتېرلىك ئۇسۇل بىلەن
تەمىن ئېتىش مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ ئەڭ
يېڭى، شۇنداقلا مۇھىم بىر يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى.
چۈنكى مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى يادرولۇق قورال قىلغان ئىن-
سانشۇناسلىق ئىلمى ئوخشاش بولمىغان مىللىي ئىجتىمائىي
مۇھىتتىكى مەدەنىيەتنىڭ خىلمۇخىل ھالەتلىرىنى ئۆزىنىڭ
تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىش ئارقىلىق ئادىمىيەت روھىنىڭ
خىلمۇخىل سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كۆپ قىرلىق ئىجتىما-
ئىي مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدىكى رەڭدارلىقىنى بايقاپ،
بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي
راۋاجلىنىيەسىگە قويۇپ، مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىش، تە-
رەققىي قىلىش، شۇنداقلا ئۆزگىرىش لوگىكىلىرىنى مۇئەي-
يەن ماكان ۋە زامان مەنىسىدىكى تار دائىرىلىك يەرلىك
مەھەللىۋى مىكرو مۇھىت، شۇنداقلا خىلمۇخىل مەدەنى-
يەتلەر ئالاقىسى ئارقىلىق شەكىللەنگەن كەڭ دائىرىلىك
ھەرىكەتچان ماكرولۇق ئالاقە ئەندىزىسىدىن ھاسىل
بولغان كۆپ قاتلاملىق ئىستېرېئولۇق ئانالىز ۋە شەرھ
رامكىسى ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت-
نىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى مەنىسىنى شۇنداقلا مەدەنىيەت
تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋە ياكى بەلگىلىك تارىخىي تەرەق-
قىيات جەريانىدىكى ھالەتلىرىنى تەلتۆكۈس شەرھلەپ، مە-
دەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن
گەۋدىسىنى روشەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەدەنىيەتلەر ئوت-
تۇرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال ئالاقىنىڭ سىجىل داۋام قىلىشىنى
بىلىش خاراكتېرلىك شەرھ رامكىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىزاھلار:

① ستېۋېن ۋاگو: «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»، پېئېرسون ما-
ئارىپى نەشرىياتى 2004-يىل نەشرى 31-بەت (ئىنگلىزچە).
② ئانتونى گىددېنس: «كاپىتالىزم ۋە ھازىرقى زامان جەم-
ئىيەت نەزەرىيەسى»، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1971-
يىل نەشرى 60-، 61-بەتلەر (ئىنگلىزچە).
③ ياكوب. كىلمو، مارىيە كاتتېل: «ئىجتىمائىي ئەس ۋە
تارىخ — ئىنسانشۇناسلىقنىڭ كۆزنىكى»، ئالتامىرا نەشرىياتى
2003-يىل نەشرى 6-بەت (ئىنگلىزچە).
④ جېففرېي ئولىك: «خاتىرە (ئەس) ۋە مىللەت: ئىزچىل-
لىق، زىددىيەت ۋە بۇرۇلۇش»، ئىجتىمائىي پەن تارىخى ژۇرنىلى
1998-يىل، 22-توم 377-، 387-بەتلەر (ئىنگلىزچە).
⑤ روبېرت خېۋسون: «مىراس ھەققىدە شەرھ»، 1-توم،
بېلخاۋېن نەشرىياتى 1989-يىل نەشرى 17-بەت (ئىنگلىزچە).
⑥ رونالد كوخېن: «مىللىيلىك: ئىنسانشۇناسلىقتىكى مەسىلە
ۋە مەركىزىي نۇقتا»، ئىنسانشۇناسلىق ھەققىدە يىللىق باھا ژۇر-
نىلى، 1978-يىل 7-توم، 379-، 403-بەتلەر (ئىنگلىزچە).
⑦ روبېرت خېۋسون: «مىراس ھەققىدە شەرھ»، 1-توم،
بېلخاۋېن نەشرىياتى 1989-يىل نەشرى 16-بەت (ئىنگلىزچە).
⑧ پېڭ جاۋرۇڭ: «زامانىۋى ساياھەتچىلىكتىكى ئائىلىۋى مې-
راسلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك زەنجىرى»، گۇاڭشى مىللەتلەر ئۇنىۋېر-
سىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2007-يىللىق 1-سان 16-بەت (خەنزۇچە).

(ئاپتور: شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنسانشۇناسلىق كەسپى
بويىچە دوكتور ئاسپىرانتى)

www.uyghurkitap.com



ئابلكم ئوبۇل

# مەشھۇر خەلق داستانچىسى شاھمۇھەممەد ۋاپات بولدى

20 ـ ئەسرنىڭ كېينكى يېرىمدىكى ئۇيغۇر داستانچىلىق ساھەسىدە شاھ مۇھەممەدنىڭ نامى ئالاھىدە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. شاھ مۇھەممەد 1912 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيە كۇيا يېزا قاقلىق كەنتىدە داستانچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تولۇق ئىسىم ـ فامىلىسى مۇھەممەد پاسار بولۇپ، ئۇ يەرلىكتىكى باشقا دەۋرداش خەلق سەنئەتكارلىرى ئىچىدە داستان ئېيتىشقا ئەڭ ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن «شاھ» نامى بېرىلىپ، ئەل ئارىسىدا شاھ مۇھەممەد دەپ ئاتالغان. مەرھۇم ساۋاتىنى دىنىي مەكتەپتە چىقارغان. كىچىكىدىنلا مۇزىكىغا بولغان ئوتتەك ھەۋىسى، داستانغا بولغان زور ئىشتىياقى بىلەن بىر تەرەپتىن ساز چېلىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن داستان ئېيتىشنى ئۆگەنگەن، ئۇ 12 يېشىدىن باشلاپلا داستانچىلىق پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان بولۇپ، 1924 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە ئاتىسى پاسار ئاخۇن بىلەن بىرگە داستان ئېيتقان. پاسار ئاخۇن راۋاب چالسا، ئۇ داپ بىلەن تەڭكەش قىلغان ۋە شۇ جەرياندا دادىسى پاسار ئاخۇندىن سەككىز داستان ئۆگەنگەن. كېيىنچە ئەل ئىچىدە بوۋىسى ۋە ئاتىسىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئەۋلاد داستانچى سانىلىپ، خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدە ۋە باشقا يۇرتلاردا ئەل كېزىپ داستان ئورۇنداپ، كەڭ خەلققە تونۇلغان. شاھ مۇھەممەد 1938 ـ يىلى 26 يېشىدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا داستان ئېيتىشقا باشلىغان ھەمدە ئەينى دەۋردىكى داستان پېشۋالىرىنىڭ بىرى بولغان خوتەن ناھىيە باغچا بازارلىق كېرىم ئاخۇنغا شاگىرت بولۇپ، داستان ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، داستان ئۆگەنگەن ۋە داستانچىلىق پائالىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان.

شاھ مۇھەممەد ئاكا ئۆزىنىڭ 85 يىللىق ھاياتىنى داستانچىلىق پائالىيىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن، بۇ جەرياندا گەرچە نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق، جاپا ـ مۇشەققەت،

قىينچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاتا مىراس داستانچىلىق كەسپىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ، «يۈسۈپ ـ ئەھمەد»، «ئابدۇراخمان خان پاشا»، «سىيىت نوچى»، «سالامنامە»، «نىكاھنامە»، «ئىپتاھنامە»، «قىيامەتنامە»، «قۇرباننامە»، «ۋاپاتنامە»، «تەۋەللۇتنامە»، «ئىمامى ھۈسەينىم»، «سۇلتانى بايىز»، «ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە»، «نەخشەبەندى» قاتارلىق داستانلارنى ئېيتىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلق داستانچىلىرىغا خاس ئىستېداتى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن «ياشا پارتىيە»، «ئۆستەڭ چاپتۇق»، «بوز يەر ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان. يەنە يېقىنقى زامان دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا، «پارتىيەگە مەدھىيە»، «باغنىڭ چىمەنگۈل» قاتارلىق سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋر روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان.

ئۇ زامانىمىزدىكى داستانچىلار ئىچىدە داستانچىلىق پائالىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ زور تۆھپە قوشقان بايراقدار شەخس ئىدى. ئۇ داستانچىلارنىڭ ئاز بولۇشى سەۋەبلىك داستانچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئازىيىپ، خەلق داستانلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئوبۇلھەسەن قارىم، جۇمە نۇرى، مەمەت ئاخۇن، روزىتوختى ئاخۇن، يۈسۈپ ئاخۇن، مەمەتتوختى ئاخۇن، ھېيتنىياز ئاخۇن، قۇننىياز، جۇمە پاسار ۋە ئۆز پەرزەنتى نۇرمۇھەممەد قاتارلىق بىر قىسىم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش داستانچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، خەلق داستانچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ئىزچىل تەرەققىي قىلىشى، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ دەۋرىمىزدىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆز يۇمغۇسىز مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

شاھ مۇھەممەدنىڭ داستان ئېيتىش ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ داستاننىڭ ۋەقەلىكىنى پىششىق ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ماكان، زامان، ئاڭلىغۇچى ۋە كەيپىياتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن داستانلارنى چاچما شېئىر شەكلىدە، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبدا راۋان، پەرقلىق بايان قىلىپ بېرىدۇ. داستان ئاڭلىغۇچىلارمۇ شاھ مۇھەممەدنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاش بىر داستاننى ئوخشىمىغان سورۇندا ئاڭلىسا، ئوخشىمىغان بەدىئىي ھوزۇرغا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ سورۇننىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن داستانغا يېڭى ـ يېڭى مەزمۇنلارنى قوشىدۇ ياكى بىر قىسىم ئېپىزوتلارنى قىسقارتىپ تاشلايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىملىق داستان ئېيتىش پائالىيىتى يېڭى بىر قېتىملىق ئىجادىيەت جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شاھ مۇھەممەد ئاكا راۋابىدىن ياڭراۋاتقان مۇڭلۇق مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، يېڭىدىن ـ يېڭى قوشاقلارنى توقۇپ، داستاننى ئېقىن سۇدەك راۋان بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ تىلى شۇنچە جانلىق، ئوبرازلىق، ھېسسىياتلىق بولۇپ ئاڭلىغۇچىلارنى ئىختىيارسىز داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىدۇ، ئۆزى ھەم داستان پېرسوناژلىرى بىلەن ھېسسىيات جەھەتتىن بىرىكىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ چىرايى گاھ غەزەپلىك تۈس ئېلىپ تاتىرىپ كەتسە، گاھ خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كېتىدۇ، گاھ ھەسرەت چېكىپ ئاھ ئۇرسا، گاھ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ. قىسقىسى، ئۇ ۋايىغا يەتكەن، ماھارەتلىك داستانچى ئوبرازىدا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك نۇرانە ئىز قالدۇرغانىدى.

شاھ مۇھەممەد ئاكا 1959 ـ، 1962 ـ، 1965 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن دېھقان، چارۋىچىلار سەنئەت كۆرىكىدە 30 نەچچە يىللىق جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق پىشىپ يېتىلگەن راۋاب چېلىش ماھارىتى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە خەلق ئاھاڭلىرى جەۋھەرلىرىنى ئورۇنداپ باھالىغۇچىلارنى ھەم تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ئۈچ قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، شۇنىڭدەك شۇ چاغدىكى ئاپتونوم رايونىمىز رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1979 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، تاماشىبىنلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن ۋە شۇ قېتىمقى سەنئەت كۆرىكىدىلا جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل

قىلىنغان. 1992 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى شاھ مۇھەممەدكە «خەلق مۇقامچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن ھەم مۇكاپاتلىغان. ئۇ 1985 ـ يىلدىن باشلاپ 2000 ـ يىلغىچە سىياسىي كېڭەش، قاراقاش ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان، شاھ مۇھەممەد ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى بىلەن 2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ‹ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى›نىڭ ۋەكىللىك ۋارىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن، ئارقىدىنلا بۇ يىل يەنى 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا يەنە «مەملىكەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ‹ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى›نىڭ ۋەكىللىك ۋارىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

خەلق داستانچىسى شاھ مۇھەممەد داستانچىلىقنى مۇقەددەس كەسىپ، داستان ئېيتىشنى ئاۋامنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەربىيەلەشنىڭ ئاساسىي يولى دەپ قاراپ، قىلچە نام ـ ئابرۇي، پۇل ـ مەنپەئەت قوغلاشماي، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستانچىلىق ئەنئەنىسىنى خالىس داۋاملاشتۇرۇپ، ئەل ئىچى سەنئىتى ۋە داستانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىق ساھەسىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى، بولۇپمۇ خوتەن خەلق داستانلىرىنىڭ بۈگۈنىنى شاھ مۇھەممەد ئاكىنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مىڭ ئەپسۇسكى، ئەلگە تونۇلغان خەلق سەنئەتكارى، پېشقەدەم داستانچى شاھ مۇھەممەد 2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا خەلق داستانچىلىقىغا بولغان خالىس پىداكارانە روھى بىلەن ئاۋام ـ خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. خەلق داستانچىلىقىدا زور شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، قىلچە مەغرۇرلانمىغانىدى، پايدا ـ مەنپەئەت ئۇنىڭ خەلق داستانچىلىقىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنى قىلچىمۇ سۇسلاشتۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىننەتسىز مېھنەت مېۋىلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىغا مەنىۋى زوق ئاتا قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن بۇ پېشقەدەم ئۇستاز ئۆزى سۆيگەن خەلق بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. ئاۋام — خەلق ئۆزىنى سۆيگەن، ئۆزى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان، خالىس ئەجىر قىلغان پەرزەنتلىرىنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايدۇ، مەرھۇم شاھ مۇھەممەد خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ياد ئېتىلىدۇ!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور كەسپىنىڭ 2007 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991



# «ئوغۇزنامە»نىڭ قازاندىن تېپىلغان يېڭى نۇسخىسى ھەققىدە

فىكرەت تۈركمەن

داستان مىللەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىدىكى باتۇرلۇقىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى ۋە دۇنيا قارىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ناھايىتى مۇھىم ئەسەردۇر. قەدىمي تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمي ۋە باي بىر داستان ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇ ئەنئەنىدىن يارىتىلغان داستانلار كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى پارچىلار ۋە يېڭى شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي ۋەقەلەر بىلەن بېيىتىلىپ، رىۋايەتلەر ھالىتىدە تۈرلۈك مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى ئالىپ ئەرتۇڭا مەرسىيىسى، يارالمىش ۋە تۆرىلىش كوزموگونىسى، كۆچ - كۆچ، ئەرگىنەقۇن ۋە كۆكبۆرە رىۋايەتلىرى بۇ خاتىرىلەر ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال خىيالىمىزغا كېلىدۇ. قەدىمي تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ باشلانغۇچ دەۋرلەردە بۈيۈك داستانلىرىنىڭ بولغانلىقى، لېكىن كەڭ رايونلارغا كېڭەيگەن ۋە ناھايىتى نۇرغۇن قوشنا قوۋملار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى سەۋەبىدىن يېڭى ھالقىلار شەكىللەندۈرگەنلىكى ھەتتا قەدىمي بىر ۋەقەنى يېڭى قەھرىمان ۋە ماكانغا ئۆزلەشتۈرگەنلىكى مەلۇم.

قەدىمي تۈركىي قوۋملەر ئىچىدە ئوغۇزلارنىڭ ئالاھىدە بىر ئورنى بار. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئانادولۇغا قەدەر نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان ئۇزۇن مۇساپىلىك كۆچۈشلەر سەۋەبىدىن ناھايىتى نۇرغۇن قەھرىمانلىق ۋەقەلىرىنىڭ كۆرۈلگەنلىكى ۋە بۇ ۋەقەلەرنىڭمۇ «ئوغۇزنامە» دېگەن داستاندا سۆزلەنگەنلىكى مەلۇم. «ئوغۇزنامە» نىڭ بىرى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرگە، يەنە بىرى ئىسلامىي دەۋرگە ئائىت ئىككى ۋارىيانتى بار. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋارىيانتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رىۋايەتلەرنى، ئىسلامىي دەۋردىكى ۋارىيانتى بولسا غەربىي ئا-

www.uyghurkitap.com



سىيا رىۋايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇنجى ۋارىيانتى
ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ «ئوغۇز قاغان
داستانى» دېگەن نام بىلەن مەلۇم. بۇ مۇسۇلمان بولمە-
غان تۈركلەر (ئۇيغۇرلار ـــ ت) ئارىسىدا قەلەمگە ئېلىنە-
غان ①.

«ئوغۇزنامە» نىڭ غەربىي ۋارىيانتى ئىچىدە فەيد-
زۇللاھ راشىدىدىننىڭ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» ناملىق ئە-
سىرىنىڭ «تارىخىي ئوغۇز تۈركان ۋە ھېكايەتى جىھانگې-
رۇ» دېگەن تېمىسىدىكى پارسچە تېكىست ئەڭ مۇھىم ۋە
ئەڭ قەدىمىي بولغانلىرىنىڭ بىرىدۇر. 1300 ـ 1310 ـ
يىللار ئارىسىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر قەدىمكى بىر «ئوغۇز-
نامە» نىڭ تەرجىمىسى ۋە تۈركمەنلەر ئارىسىدىكى رىۋا-
يەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ②. بۇ
ئەسەر ۋەلىدوف تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان،
بۇنىڭدىن باشقا رۇسچە ۋە تۈركمەن شېۋىسىگىمۇ تەرجە-
مە قىلىنغان ③.

غەربىي ۋارىيانتلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى
ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ 1660 ـ يىلى يازغان «شەجە
رەئىي تەراكىمە» دېگەن ئەسىرىدۇر. ئەبۇل غازى باھا-
دىرخان بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئوغۇزنامىلەرنى
توپلاپ، بۇلارغا تۈركمەنلەر ئارىسىدىكى ئاغزاكى رىۋايەت-
لەرنىمۇ قوشۇپ «ئوغۇزنامە» نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن.
بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەسەرنىڭ كۇتۇپخانىلاردا ۋە خاس
ئارخىپلاردا ناھايىتى كۆپ نۇسخىسى ساقلانماقتا. بۇ
نۇسخىلار ئىچىدە لېنىنگراد، تاشكەنت ۋە ئاشخابادتا ساق-
لىنىۋاتقان ۋە ئەڭ ئېتىبارلىق دەپ قارالغانلىرى ئۈستىدە
تەتقىقاتلارمۇ ئېلىپ بېرىلدى ④. ئوغۇزنامىلەرنىڭ ھەر
خىل پارچىلىرى ۋە رىۋايەتلىرى باشقا ئەسەرلەر ئىچىدى-
مۇ بەزىدە شېئىرىي، بەزىدە نەسرىي شەكىلدە ئورۇن
ئالغان ⑤. ئوغۇزنامىلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نۇسخىسى ۋە
ئەڭ مەشھۇرىمۇ دەدە قورقۇت ھېكايىلىرىدۇر ⑥. مانا بۇ
ئەسەرلەر بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، قەدىمىي
تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى، تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئا-
دىتىنىڭ، قىسقىسى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھاياتلىق قارد-
شىنىڭ ھەقىقىي بىر شەكىلدە تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن
داستان تېكىستلىرىگە ئېھتىياج بار.

مەۋجۇت رىۋايەتلەر بىزگە ۋەقەلەرنى بەلگىلىك بىر
پىلان ۋە تەرتىپ بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ ھالەت بۇ
رىۋايەت ۋە تېكىستلەرنىڭ دەسلەپتە بۈيۈك بىر داستاند-
دىن قالغان خاتىرىلەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پىكىرنى كۈ-
چەيتمەكتە. شۇنداق ئىكەن بۇ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ
مۇھىم بولغان داستاننىڭ ئاساسلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن
داستاننىڭ تېكىستلىرىگە، رىۋايەتلىرىگە ۋە پارچىلىرىغا
ئېھتىياج چۈشىدۇ.

بىز تۆۋەندە «ئوغۇزنامە» نىڭ تېخى ئىلىم دۇنياسىغا
سۇنۇلمىغان مۇنداق بىر يازما نۇسخىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

بۇ نۇسخا قازان ئۇنىۋېرسىتېتى قول يازمىلار كۇتۇپ-
خانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، سائىت ۋاھىدى (1887 ـ
1938) تەرىپىدىن 1930 ـ 1937 يىللار ئارىسىدا رەتلەن-
گەن قول يازمىلار ئارىسىغا قويۇلغان. تەلىق خەت نۇسخ-
سى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان. جەمئىي 109 ۋاراق. ۋاراق بې-
تىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 29 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 17 سانتىمېتىر
كېلىدۇ، قول يازمىنىڭ قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر. ھەر بىر
بەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكى 17 سانتىمېتىر، كەڭلىك 5 . 9
سانتىمېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىگە 12 قۇر خەت يېزىل-
غان. بەتنىڭ چۆرىسى ئاۋۋال قىزىل رەڭلىك بىر سىزىق
بىلەن قورشالغان. ئۇنى چۆرىدەپ يەنە كۆلرەڭ بىر
سىزىق سىزىلغان. ئەڭ ئاخىرقى بېتىگە تۇخۇم شەكىللىك
بىر مۆھۈر بېسىلغان. مۆھۈرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئەرەب
يېزىقىدا «ۋاھىدى كۇتۇپخانىسى»، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاستى
تەرىپىدە قىرىل ئالفابەسىدە «س. گ. ۋاھىدوۋا كۇتۇپخا-
نىسى» دېگەن خەت يېزىلغان.

قول يازمىنىڭ كۆچۈرگۈچىسى ۋە كۆچۈرۈلگەن
ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. لېكىن يېزىلغان رايونغا ئائىت
بەزى يىپ ئۇچلىرى بار. مەسىلەن، ئاككۇزاتىف ۋە گېنې-
تىك قوشۇمچىلىرىنىڭ قالايمىقان قوللىنىلىشى بۇلارنىڭ
بىرى ھېسابلىنىدۇ. «شەيس ئەلەيھىسسالامنى بەيانى بۇ
تۇرۇر»، «ھامنى فاسلى بۇ تۇرۇر»، «ئاندىڭ سولڭ
بارىپ قاراقتاننىڭ ئالدى» دېگەنگە ئوخشاش، قالايمى-
قان قوللىنىش ئەھۋالى قەدىمكى تۈركچىدە ۋە ئەزەرى
تەۋەسىدە ئۇچرايدىغان ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى ⑦.
لېكىن، بۇ ئالاھىدىلىك ئەسەر كۆچۈرۈلگەن مەزگىلدە
كۆچۈرگۈچىنىڭ قەدىمكى تۈركچە دەۋرىدە يېزىلغان ئو-
غۇزنامەنىڭ باشقا بىر نۇسخىسىدىن كۆچۈرگەن بولۇش
ئېھتىمالىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، كاۋكاز تەۋەسىدە
كۆچۈرۈلگەنلىك ئېھتىمالىنىمۇ ھېس قىلدۇرىدۇ.



قول يازمىنىڭ مەزمۇنىغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن كۆچۈرگۈچىنىڭ تەھرىر سۆزى يازغانلىقى ھەتتا بەزى ۋەقەلەرگە تارىخىي دەلىللەر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش زۆرۈر. ئەمەلىيەتتىمۇ كىتابنىڭ باش قىسمىدا «... ۋە ئادەم ئەييامىدىن تا بىزنىڭ ئەييامى فەرھ ئەنجامىمىز گاچا كىتابلارى مۇتەبەر يۈزىدىن جەم ۋە تەلىق ئەيلەيۇپ» دېيىلىدۇ. يەنە پات - پات باشقا ئوغۇزنامىلەرگە ۋە («زەپەرنامە») ناملىق باشقا بىر ئەسەرگە، بەزى شەخسلەرگە ئىسمىنى ئاتاپ بېغىشلىما يېزىلغان. بۇ بېغىشلىمىلاردىن بىر قانچە ئۆرنەك كۆرسىتىمىز: «... ۋە بىر قاۋئىي ئوغۇزنامە بۇ تۇرۇر»، «... ۋە بازى نۇسخادا ئايتىپتۇرلار»، «...بازى نۇسخادا مەزكۇر بولۇپتۇر»، «زافەرنامەدە مەزۇر تۇرۇر كىم»، «... ۋە مۇھەممەد بىن قاب ئايتىپتۇر كىم» دېگەن ئوخشاش ⑧.

«ئوغۇزنامە» نىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى «شەجەرەئىي تەراكىمە» گە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن قولىمىزدىكى نۇسخىسىدا ئەسەرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئوغۇزخاننىڭ دۇنياغا كېلىشىگە قەدەر بولغان قىسىم 35 ۋاراقنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە بۇ 12 ۋاراقلىق بىر مەزمۇن قىلىپ بېرىلگەن. قازان نۇسخىسىنىڭ باش قىسمىدا تۆت بېيىتلىك بىر شېئىر سۆزلىنىدۇ.

بۇ يەردە دىققىتىمىزنى تارتقان بىر مۇھىم نۇقتا ئىسلامىي دەۋر ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان ۋە ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىلا بولۇشى زۆرۈر بولغان مەدھىيە ۋە مۇناجەتنىڭ «ئوغۇزنامە» نىڭ قازان نۇسخىسىدا يوقلۇقىدۇر. بۇلارنىڭ ئورنىغا ئىككى بەتتىن كۆپرەك يەردە ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ نەسلى مەدھىيەلىنىدۇ. «بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تارىخى ئىنسان بالىسى يەر يۈزىدىن يوقالغانغا قەدەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېنىق يېزىلسۇنكى، ئىنسان بالىسىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى بۇنىڭغا قاراپ ئۆز - ئۆزىنى تونۇسۇن. بۇ نۇسخىدا ھەر دەۋر ئۈچۈن ‹ئەمەل دەستۇرى› بولۇپ تا قىيامەتكە قەدەر بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزغا يادىكار قالسۇن دېگەن ئۇشبۇ مەقسەت بىلەن ئۆتكەن زامان ھادىسىلىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ سۆز زىكرى قىلىنىدى. دەل مۇشۇنداق ئۈمىد بىلەن مەيدانغا چىقىرىلغان كىتابقا خاننىڭ نامىغا ئوخشاش قىلىپ ‹بايانى ئوغۇزنامە› دېگەن نام بېرىلدى» دېيىلىش ئارقىلىق كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە نامى بىلدۈرۈلگەن.

ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە يوق قىسىملار، باب، بۆلۈم ۋە خاتىرە ماۋزۇلىرى بىلەن يارىلىشتىن تارتىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قەدەر بولغان پۈتۈن جانلىقلارنىڭ بايانى پات - پات «قۇرئان كەرىم» دىن ئايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈش يولى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن.

ئىككىنچى بابتا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ يەنە ئارىلاپ ئايەتلەر قىستۇرۇلۇش ئارقىلىق شەيس ھەققىدىكى بايانلارغا كۆچىدۇ. ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە بىرلا پاراگراف بىلەن شەرھلەنگەن ۋەقەلەر قولىمىزدىكى نۇسخىدا ھەر خىل تولۇقلىمىلار ئارقىلىق بېيىتىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەققىدە سۆز ئېچىلىدۇ. قەدىمىي تۈركىي قوۋملارنىڭ ئاتىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان يافەس ئەلەيھىسسالامغا ئايرىم بىر باب ئاجرىتىلغان. بۇ يەردە قەدىمىي تۈركىي قوۋملارنىڭ مۇقەددەس بىلىپ يامغۇر تىلەش دۇئاسىدا ئىشلىتىدىغان يادا تېشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇ مەزمۇن شۇ شەكىلدە ئىپادە قىلىنغان: «يافەس ئىلتىماس قىلدىكى ھەزرەتى نوھ ئاگا بىر دۇئا تەلىم قىلسۇنكى، ھەر ۋاقىتكى ئول دۇئانى ئوقۇسا يامغۇر ياغار ۋە ھەزرەتى نوھ بۇ جەھەتتىن ھەزرەتى ئىززەتە مۇناجائات قىلدى ۋە جەبرائىل ئانىڭ ئىجابەتى دۇئاسى بىرلە كېلىپ بىر ئىسمى بۇزۇرگ نوھا تەلىم قىلدى ۋە نوھ ئول ئىسمى بىر داشا ناقىش قىلىپ يافەسە بەردى. ئول داشا ‹يادا› دېيۇپتۇرلار». ئۇنىڭدىن كېيىن ھام، سام ۋە تۈركخانغا ئائىت بۆلۈملەر بار. پەقەت 36 - ۋاراقتا ئو-

www.uyghurkitap.com



غۇزخاننىڭ تۇغۇلۇشىدىن سۆز ئېچىلىدۇ ۋە ئوغۇزغا ئات
قويۇلغانلىقى، بىر ياشلىق ئوغۇزنىڭ ئۈچ بېيىتلىك بىر
شېئىر بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى ۋە ئىس-
لامىيەتكە ئۇيغۇن ھەرىكەتلىرى سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن
كېيىنكى 41 ـ ۋاراقتىن 44 ـ ۋاراققا قەدەر بولغان قىسىم
بولسا ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدىكى 19 ـ، 27 ـ ۋاراقتىكى
مەزمۇنلار بىلەن بىر خىل. لېكىن ئاشۇ بۆلۈملەرنىڭ
ماۋزۇسى پەرقلىق. ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە «ئوغۇز-
خاننىڭ تۇران ۋە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ
زىكرى» دېگەن ماۋزۇ «ئوغۇزنامە» نىڭ قازان نۇسخى-
سىدا «ئوغۇزخاننىڭ لەشكەر يىغىپ بۇخارا ۋە سەمەر-
قەندكە كەلگەنلىكىنىڭ بايانى» شەكلىدە ئېلىنغان. ئەينى
شەكىلدە ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە «ئوغۇزخاننىڭ
ئىران، شام ۋە مىسىرغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ
زىكرى» دېگەن ماۋزۇ «ئوغۇزنامە» نىڭ قازان نۇسخى-
سىدا «ئوغۇزخاننىڭ ئىران ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقى-
نىڭ بايانى» دېگەن شەكىلدە ئۆزگەرتىلگەن. «ئوغۇز
خاننىڭ يۇرتىغا كېلىپ توي بەرگەنلىكىنىڭ زىكرى»
دېگەن ماۋزۇدىن كېيىن «ئەل ئەرز» ئىپادىسى بىلەن
تىرناق ئىچىگە ئېلىپ ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە يوق ۋە-
قەلەر بايان قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە شەرھلەنگەن ۋەقەلەر قەدىمىي تۈركىي
قوۋملارنىڭ تارىخى، ئېتىقاد سىستېمىسى، بولۇپمۇ قانۇن
ۋە نىزامى جەھەتتىن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
بىزچە، «ئوغۇزنامە»نىڭ قازان نۇسخىسىنىڭ ھازىرغىچە
مەلۇم بولغان باشقا نۇسخىلاردىن پەرقى ۋە ئۈستۈنلۈكى-
مۇ دەل مۇشۇ بۆلۈمدە ئۆزىنى كۆرسەتكەن. ئوغۇزخان
ئوغۇللىرىغا «بوز ئوق» ۋە «ئۈچ ئوق» دېگەن ناملار-
نى بەرگەندىن كېيىن «ئەمەل دەستۇرى» دەپ ئاتالغان
ۋەسىيەتنامىسىنى يازدۇرغان ۋە ئۇنى مۆھۈرلەپ ۋەزىرى
ئىرگىل (ئىركىل) خوجاغا تاپشۇرغان. بۇ بۆلۈم مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ تېكىستىنى ئەينەن بې-
رىشنى لايىق تاپتۇق. يەنى «ئەل ئارز: ئوغۇزخان
ئۆمرۈ يۈز ئون ئالتې يىلا يەتەندىن سوڭ ئوغلانلارىنى
جەم قىلۇپ بىر نىچە ناسىھات قىلدې ۋە ئايتدېكىم: مەن
مۇنچا يىل خانلىق ۋە ھۆكۈمەت قىلدېم. ۋە مەندىن
سوڭ سىزلەر ھەم ئۇلۇگلارىڭىزنى ئىززەتۇ ئىكرام ئە-
دىڭلەر ۋە كىچىكلەرىڭىزدە رىئايەت ئىدىڭلەر. ۋە ھەر
كەڭەش ۋە ماسلاھاتتا ئىتتىفاق بولۇڭلار، تا مۇلۇك سىز-
لەرە باقىۋەباندە (؟) قالغاي. ۋە ھەر گاھكى، كىچىكلەر
ئۇلۇقلارگا داۋايې مۇھاسەمەت قىلسا تارىقى فىتنە ۋۇ
فەساد ئولۇپ مۇلكە فۇتۇر كىرەر. ۋە بول نەۋ سۆزلەر-
دىن ئوغۇزخان ئۇلۇق كىچىككا ناسھات قىلۇپ كۈن
خانى ئۆزلەرىنە سالتانات ئۇزرە ئەمر قىلدې. ۋە كۈن
خان ئىجازەتى ئاتاسىدىن تاقىپ ماقامې سالتاناتدا مۇقىم ۋە
مۇستاكىم بولدۇم. ئوغۇزخاننىڭ ئۇيغۇر دىكەن بىر تايىفە-
دىن ئىرگىل خوجا دىكەن بىر ۋازىرى بار ئىردى. ۋە ئول
ۋاقتدە ئول ۋەزىر ئوغۇزخان خىزمەتىگا ئارزۇ قىلدېكىم
زاتى ئالى دەستھاتتى مۇبارەك بىرلە بىر ‹دۇستۇرۇل
ئامەل› يازسۇنلار كىم بۇ ئەيىيامدىن سوڭ ھەر كىمسە ئۆز
يىرىندە ۋە ئۆز ماقامىندا ۋە ئۆز ئۇلۇشۇندە بولۇپ تا داۋا-
يې خود ـ سەرلىك قىلماسۇن. ۋە ئوغۇزخان بۇل مانادا
«دۇستۇرۇل ئامەل» بىتۇپ بىلمۇھر قىلدې. كۈن خان ۋە
ئاي خان ۋە يۇلتۇزخان ۋە ئولارىنىڭ ئەۋلادې تا رەستاھىز
كۈنىنەچە رۇزگاردا خان ۋە ھاكىملىق قىلسۇنلار. ۋە ئۆتكە
ئوغلانلارى بولارگا ۋە بولارىنىڭ زۇررىيەتىنە سەردار ۋە-
سىپەھسالار ۋە نۆكەر ئولۇپ خىزمەت قىلسۇن. ۋە ھەر بى-
رىسىن ئۇلۇشىن تايىن ۋە مۇكاررەر قىلدې. ۋە ئىرگىل
خوجا ئول «دۇستۇرۇل ئامەل» ى ئۆزۈ بىرلە ساقلادې.
ۋە ئوغۇزخان يۈز ئون ئالتې يىل ئۆمۈر كۆرەڭدىن سوڭ
دارې دۇنيادىن ماقامې ئۇكبايا رىھلەت قىلدې ۋە كۈن خان
ماقامې سالتاناتدا قار تاپدې».

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ باللىرى ۋە نەۋرىلە-
رىنىڭ ئىسىملىرى ساناپ ئۆتۈلىدۇ. بۇ ئىسىملار ئارىسىدا
ئايخاننىڭ ئوغۇللىرى سانالغاندا ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرى-
دە تۆتىنچى ئوغۇل دەپ كۆرسىتىلگەن دۇكەرنىڭ ئورنى-
غا بادلى دېگەن ئىسىم يېزىلغان. يۇلتۇزخاننىڭ ئىككىنچى
ئوغلىمۇ قىزىق دېگەننىڭ ئورنىغا قارال دېگەن ئىسىم
بىلەن ئۇچرايدۇ. ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرق نەۋ-
رىلەرنىڭ ئىسىملىرىدا خېلىلا كۆپەيگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن-
كى بۆلۈم «ئوغۇز ئەۋلادىنىڭ ئورۇن ۋە ئۈلۈش ئالغان-
لىقى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن قەدىمكى تۈركىيلەردىكى رەڭ-
لەرنىڭ، قۇشلارنىڭ ۋە ئولتۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ سىم-
ۋوللۇق مەنىلىرى، بۈگۈنكى ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا كېلى-
شىم تەرتىپىنىڭ قانۇنىي ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ
بۆلۈمدىكى ئون ئىككى چېدىردا كىملەرنىڭ تۇرىدىغانلىقى،

قايسى ئۆلۈشنى كىمنىڭ ئالىدىغانلىقى، كىمنىڭ خىزمەت قىلىدىغانلىقى ۋە نام ئالىدىغانلىقى قاتارلىق قەدىمىي قوۋملار تالاي ئەسىر ئىتائەت قىلىپ كەلگەن بىر قانۇنىي سىستېمىدىن سۆز ئېچىلىدۇ ⑨.

راشىددىننىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىكى بەگلەرنىڭ ئورنى ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە بەزى ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغان بولسا، «ئوغۇزنامە»نىڭ قازان نۇسخىسىدىمۇ باشقا ئورۇن ئۆزگىرىشلىرى دىققەتنى تارتىدۇ. مەسىلەن، ئوڭ قولدىكى تۆتىنچى چېدىردا دودۇرگانىڭ ئورنىنى يۇلتۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئافشار ئىگىلىگەن. ئۆلۈشنى دۆكەر ئورنىغا قىرىل ئالغان، مۇردەشوينىڭ ئورنىغا تارتۇمچى نامغا ئېرىشكەن. بەشىنچى چېدىردىكى ئاۋشارنىڭ ئورنىدا بىگدىلى ئولتۇرغان. قازىقنىڭ ئورنىغا قارقىن ئۆلۈشكە ئېرىشكەن، تارۇمچىنىڭ ئورنىغا قاراجا نامغا ئېرىشكەن. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر سول تەرەپتىكى چېدىرلاردىمۇ كۆرۈلگەن.

بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەگلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەگلەرنىڭ ئېتىبارىنىڭ پەرقلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈم «ئوغۇزخاننىڭ 24 ئەسلي ئاق تۇغىنىڭ نامى، قۇشلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە بەلگىلىرىنىڭ سۈرىتى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن قەبىلىلەرنىڭ نامى، بەلگىسى ۋە ئونگونى كۆرسىتىلگەن، بولۇپمۇ قەبىلىلەرنىڭ بەلگىسى ئارىسىدا ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەلۇم بولغانلاردىن (ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدىكىدىن) قىسمەن پەرقلىنىدىغان تەرەپلەر كۆرۈلگەن.

قەدىمىي تۈركىي قوۋملار ئەڭ دەسلەپكى قانۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئەھدىنامە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈمدە ئالدىمىزغا ئۇچرايدۇ. ئېيتىشقا بولىدۇكى، فورمۇللاشقان تېكىستلەر مۇشۇ ئەھدىنامىلەردۇر. قانۇن ۋە نىزامنامىلىرىمىزنىڭ ياخشى چۈشىنىلىشى ئۈچۈن بۇ ئۆزگەرمەس ئەھدىنامىنى ئەينەن كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز: «بىر ئۇلۇغ قاغىزغا ئاھدنامە بىتىپ، كۆنخان باشلىق ئىنىلەرى ۋە ئوغلانلارى ۋە بىگلەرى ۋە ئىلىمىڭ قارى ياخشىلارى ۋە بىگلەرىنىڭ ياخشىلارى بارچالارى ئاتالارىن بىتىپ ئانت ئىچتىلەر كىم: تا تىرىكمىز ئۇشبا ئايتىلغان سۆزلەردىن قاتماز. بىز ئەگەر بىزدىن بولگان ئوغلانلار ھەلالزادە بولسالار تا دۇنيا ئاخىر بولگۇنچا ئاھدنامەنى ئوقۇپ ئامەل قىرگارلار. ئەگەر ھارامزادە بولۇپ يۇرتنى بوزالى تىپلەر ئامەل قىلماياگالار تىدىلەر. تاكى ئاتالارىن بىتىپ، مۇھرلەردىن باسىپ ئاھدنامەنى كۆن خاننىڭ خازىنەسىندە قويدۇلار».

بۇ بۆلۈمدىن كېيىن «ئامەل دەستۇرى»دە بىلدۈرۈلگىنىدەك، كۈنخاننىڭ سەلتەنەتىدىن كېيىن بوز ئوق ئىچىدىكى ئىككىنچى ئوغۇل ئايخان تەختكە چىقىدۇ. لېكىن بۇ دەۋردە مالىمانچىلىق چىقىدۇ، خەلق بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ، بۇ مەلۇماتلار پەقەت «ئوغۇزنامە»نىڭ قازان نۇسخىسىدىلا بار.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۇلتۇزخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بايان قىلىدىغان بۆلۈم ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە يوق. بۇ بۆلۈمدە يۇلتۇز خاننىڭ توم ئاۋازلىق، ئوتتۇرا بويلۇق، يوغان يۈزلۈك ۋە قوشۇما قاشلىق بىر كىشى ئىكەنلىكى ۋە مەردلىكىدىن «ئىلخان» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ بۇ بۆلۈمدىن كېيىن ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە «كۈن خاننىڭ كىچىك ئىنىلىرى ۋە ئوغۇللىرىغا ئورۇن بېرىلگەنلىكىنىڭ زىكرى» دېگەن قىسمىدىكى بەشىنچى چېدىردا تۇرىدىغان ئافشارنىڭ «ئوغۇزنامە»نىڭ قازان نۇسخىسىدا تۆتىنچى چېدىرغا ئۆرلىگەنلىكى ۋە ئېھتىمال دەرىجىسىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ پەقەت بۇ نۇسخىدا ئافشار خانغا «بەيانى ئافشار خانى ساھىب قىران» دېگەن ماۋزۇدا بىر بۆلۈم ئېچىلغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇ بۆلۈمدىمۇ ئافشار خان يۇلتۇزخانغا ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ بۆلۈمنىڭ داۋامىدىمۇ ئافشار خاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ سەلتەنەتى سۆزلىنىدۇ. 64 ـ ۋاراقتا «ئوغۇزنامە»نىڭ باشقا نۇسخىلىرىدا كۆرۈلمەيدىغان قايى خاننىڭ ئوغلى قۇزى ياۋى خاننىڭ



MIRAS

www.uyghurkitap.com



سەلتەنىتىدىن سۆز ئېچىلىدۇ ۋە 85 ـ ۋاراقتا قەدەر بۇ دەۋردىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. 85 ـ ۋاراقتىن ئېتىبارەن چىڭگىزخانىنىڭ رۇم ۋىلايىتىنى ئېلىشى بىلەن يېڭى ۋە باشقا بىر تېمىغا كىرىمىز. ئەبۇل غازىنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان بۇ قىسىم ئوغۇزنامىلەردە ئۇچرىمايدىغان سۆيگۈ ۋە قەھرىمانلىق بىرلىكتە تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلارنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا بىز تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن «ئوغۇزنامە» نۇسخىسى «جامىئۇت تەۋارىخ» ۋە «شەجەرەئى تەراكىمە»گە ئوخشاش مۇھىم ۋە يېڭى مەلۇماتلار بىلەن تولغان بىر ئەسەردۇر. رەسمى ۋە خاس ئارخىپلاردا تېخىچە مەلۇم بولمىغان باشقا ئوغۇزنامىلەرنىڭمۇ ساقلىنىۋاتقانلىقى مۇھەققەقتۇر. بۇلارنىڭ چاپسانراق نەشر قىلىنىپ ئىلىم دۇنياسىغا سۇنۇلۇشى ئەلۋەتتە قەدىمي تۈركىي قوۋملارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، فولكلورى، قىسقىسى قەدىمي تۈركىي قوۋملارنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە ئايدىڭلاشمىغان ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

* پىروفېسسور، دوكتور فىكرەت تۈركمەن تۈركىيە ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى.

---

① ۋ. بالڭ، ر. رەھمەتى ئارات: «ئوغۇز قاغان داستانى»، 1936 ـ يىلى، ئىستانبۇل، ئا. م. سچېرباك، «ئوغۇز قاغان داستانى»، 1959 ـ يىلى، موسكۋا، گېلڭ شېمىن، تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى <ئوغۇزنامە>»، 1980 ـ يىلى، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى.

②ۋەلىدوف: «ئوغۇز داستانى، راشىددىننىڭ ئوغۇزنامەسى، تەرجىمە ۋە تەھلىلى»، 1972 ـ يىلى، ئىستانبۇل، 117 ـ بەت.

③ خېتاگوروف باشچىلىقىدا نەشرگە تەييارلانغان «جامىئۇت تەۋارىخ»، 1 ـ توم. 1952 ـ، 1960 ـ يىللار، موسكۋا. بەرەزىن نەشرگە تەييارلىغان «جامىئۇت تەۋارىخ»، «يىلنامىلەر توپلىمى»، 1 ـ توم، 1861 ـ يىلى، پېتىربۇرگ «فەيزۇللاھ راشىددىن» ۋە «ئوغۇزنامە»، پارسچىدىن سالۇر بابا گۈلالى ئوغلى سالۇر خاردارى تەرجىمە قىلغان، ن . ب . خالىموف نەشرگە تەييارلىغان، 1990 ـ يىلى، ئاشخاباد.

④ ئا. ن. كونونوف نەشرگە تەييارلىغان «شەجەرەئى تەراكىمە»، 1958 ـ يىلى، موسكۋا ـ لېنىنگراد.

⑤ يازىجى ئوغلى ئالى: «تەۋارىخى ئالى سەلجۇق»، «تۈرك تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ژۇرنىلى»، 2 ـ سان، 1934 ـ يىلى، 243 ـ، 250 ـ بەتلەر. فارۇق سۈمېر :«ئوغۇزلارغا ئائىت داستانى ماھىيەتتىكى ئەسەرلەر»، «ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل، تارىخ ۋە جۇغراپىيە فاكۇلتېتى ژۇرنىلى، 17 ـ سان، 1976 ـ يىلى، 359 ـ، 445 ـ بەتلەر. فارۇق سۈمېر: «ئوغۇزلار» (تۈركمەنلەر)، 2 ـ نەشرى، 1972 ـ يىلى، ئەنقەرە. كەمال ئەرسلان «شېئىريي ئوغۇزنامە»، 1976 ـ يىلى، ئىستانبۇل، 169 ـ، 236 ـ بەتلەر.

⑥ مۇھەررەم ئەرگىن :«دەدە قورقۇت كىتابى»، 1 ـ توم، 1958 ـ يىلى، ئەنقەرە، 2 ـ توم، 1963 ـ يىلى، ئەنقەرە. ئو. شائىك گۆكياي: «دەدە قورقۇت كىتابى»، 1973 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

⑦ مۇھەررەم ئەرگىن: «تۈرك تىل ئىلمى»، 17ـ نەشرى، 221 ـ بەت، 1998 ـ يىلى.

⑧ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئەسەر شەرافەددىن يەزدى (1454 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)نىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسەرى بولۇش مۇمكىن. تىمۇر دەۋرىنىڭ شائىر ۋە تارىخچىلىرىدىن بولغان يەزدى شاھرۇھنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن. «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىنى بۇ دەۋردە يازغان. تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراڭ. ۋەلىدوف: «تارىختا ئۇسۇل»، 92 ـ، 93 ـ بەتلەر، 1969 ـ يىلى، ئىستانبۇل. «مەيدان لاروئۇسسى»، 11 ـ توم، 762 ـ بەت، 1988 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

⑨ ئابدۇلقادىر ئىنان: «ئورۇن ۋە ئۇلۇش مەسىلىسى»، «ماقالىلەر ۋە تەتقىقاتلار»، 248ـ، 254ـ بەتلەر، 1968ـ يىلى، ئەنقەرە.

**تۈركچىدىن يۇسۇپجان ياسىن تەرجىمە قىلغان**

(تەرجىمان: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2008 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىششىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 50 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

# «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى


(ھېكمەت ۋە ھېكايەتلەر)

1999 - يىللىق 2 - سان

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (59)

1999 - يىللىق 3 - سان

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: ئەركىن ئىمىنىياز قوتلۇق (48)

1999 - يىللىق 4 - سان

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: ئەركىن ئىمىنىياز قوتلۇق (70)

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (71)

1999 - يىللىق 5 - سان

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (70)

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: سايىت مۇھەممەد (77)

1999 - يىللىق 6 - سان

ھېكمەتلەر ........................ يېكدا دايساكو (26)

ھېكمەتلەر ........................ توپلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (55)

ھېكمەتلەر ........................ توپلىغۇچى: مۇھەممەد مۇرتىزا (69)

2000 - يىللىق 1 - سان

ھېكمەتلەر ........................ توپلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (19)

ھېكمەتلەر ........................ مەمتىمىن تۇرسۇن تەرجىمىسى (72)

2000 - يىللىق 2 - سان

ھېكمەتلەر ........................ توپلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (52)

2000 - يىللىق 3 - سان

ھېكمەتلەر ........................ مەمتىمىن تۇرسۇن تەرجىمىسى (16)

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (61)

ئۈنچە - مارجانلار ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار تۇردى (76)

2000 - يىللىق 4 - سان

نەۋايىنىڭ ئەخلاقىي ئۆگۈتلىرى ........................ تەييارلىغۇچى: ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت (25)

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى (65)

2000 - يىللىق 5 - سان

ھېكمەتلەر ........................ مەمتىمىن تۇرسۇن تەرجىمىسى (55)

2000 - يىللىق 6 - سان

تۆت نەرسە ........................ توپلىغۇچى: نۇرنىسا ئابدۇقادىر (16)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھېكمەتلىرى ........................ توپلىغۇچى: نۇرنىسا ئابدۇقادىر (49)

2001 - يىللىق 1 - سان

نەۋايى دۇردانىلىرى ........................ توپلىغۇچى: تۇرسۇن ئانايەت (35)

2001 - يىللىق 4 - سان

ھېكمەتلەر ........................ توپلىغۇچى: يۈسۈپ ئىسھاق (56)

2001 - يىللىق 5 - سان

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختارجان ياقۇپ (26)

2001 - يىللىق 6 - سان

مەشرەپ ھەققىدە ھېكايىلەر ........................ تەييارلىغۇچى: تاشقارى يۈسۈپ (51)

2002 - يىللىق 1 - سان

www.uyghurkitap.com




نەۋايى ھېكمەتلىرىدىن .......... تەييارلىغۇچى: نۇرئازات ئابدۇقادىر (72)

ھېكمەتلىك ھېكايىلەر .......... تەييارلىغۇچى: ھاكىم مۇسا (56) نەۋايى ھېكمەتلىرىدىن تەييارلىغۇچى: نۇرئازات ئابدۇقادىر (72)

ھېكمەتلىك ھېكايىلەر .......... تەييارلىغۇچى: ھاكىم مۇسا (56)

2002-يىللىق 3-سان

ھېكمەتلەر .......... تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن ئېلياس ئىدىقۇتلۇق (44)

2002-يىللىق 4-سان

ئاتنى رەنجىتىشنىڭ ئاقىۋىتى .......... تەييارلىغۇچى: ھاكىم مۇسا (19)

ئىككى خىل تەبىر .......... (50)

2002-يىللىق 6-سان

ھېكايەتلەر .......... توپلىغۇچى: رەيھانگۈل مۇھەممەد (76)

2003-يىللىق 2-سان

ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات .......... تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى (24)

2003-يىللىق 3-سان

ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات .......... تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى (59)

ھېكايەت .......... تەييارلىغۇچى: ھاكىم مۇسا (55)

ھېكايەت .......... تەييارلىغۇچى: نىياز كېرىمى (77)

2003-يىللىق 6-سان

گۈزەل خۇلقلاردىن .......... گۈلدەستە (44)

لوقمان ھېكىمنىڭ ھېكمەتلىرى .......... (49)

دار ئويۇنى .......... (70)

2004-يىللىق 3-سان

پەرزەنت تەربىيىسىدىكى 30 ئۇسۇل .......... تەييارلىغۇچى: ئەزىزى (40)

2004-يىللىق 4-سان

بىبىخانىم رىۋايىتىدىن ئەمىر تۆمۈر باغلىرىغىچە .......... تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (9)

ئۆتكەن كۈنلەر .......... روزى مىراپ ياسىن (21)

2004-يىللىق 5-سان

كىرىيىدىكى ئاجايىپ مەخلۇقات ۋە غارايىپ مەۋجۇداتلار .......... توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم (8)

ھەزرىتى ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىراندىن ئۇگۇتلەر .......... ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (10)

ھېكمەتلەر .......... (42)

«نادىر ھېكايەتلەر»دىن نەمۇنىلەر .......... ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ماخمۇت زەيىدى (44)

2004-يىللىق 6-سان

بىبىخانىمنىڭ مومىيالانغان جەسىتى ۋە مۇھەممەد سالمۇۋۇچ يۇسۇپوۋنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر ... تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (27)

2005-يىللىق 1-سان

ئۇلۇغبېكنىڭ پاراستىگە بېغىشلانغان رىۋايەتلەر .......... تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (61)

2005-يىللىق 2-سان

ئۇلۇغبېكنىڭ ئۆلۈمى .......... تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (47)

2005-يىللىق 3-سان

دادام ئېيتقان ھېكايىلەر .......... تەييارلىغۇچى: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم (10)

2005-يىللىق 4-سان

ئەلىشىر نەۋايى ھېكمەتلىرى .......... (44)

دادام ئېيتقان ھېكايىلەر .......... تەييارلىغۇچى: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم (59)

(چۈش تەبىرى ۋە بېشارەتلەر)

1999-يىللىق 1-سان

ئالقاندىكى بېشارەتلەر ............ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (66)

1999 ـ يىللىق 5 ـ سان

بېشارەتلەر ............ تەييارلىغۇچى: ئارسلان ئابدۇللا (73)

2000 ـ يىللىق 4 ـ سان

تەبىرنامە ............ تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى (36)

2001 ـ يىللىق 1 ـ سان

چۈش تەبىرى ............ تەييارلىغۇچى: سابىرجان سىيت (32)

2001 ـ يىللىق 2 ـ سان

قىيابەتۇل بەشەر ............ مۇھەممەدى تۇرسۇن نىمتۇللا (4)

2001 ـ يىللىق 3 ـ سان

چۈش تەبىرلىرى ............ تەييارلىغۇچى: مۇختار تۇردى (42)

تەبىرنامە ............ تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (55)

2001 ـ يىللىق 4 ـ سان

تەبىرنامە ............ تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (39)

2001 ـ يىللىق 5 ـ سان

تەبىرنامە ............ تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (64)

2001 ـ يىللىق 6 ـ سان

تەبىرنامە ............ تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (47)

2002 ـ يىللىق 1 ـ سان

تەبىرنامە ............ تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (53)

2002 ـ يىللىق 2 ـ سان

تەبىرنامە ............ تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (35)

2002 ـ يىللىق 3 ـ سان

تەبىرنامە ............ تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت (19)

(تېپىشماق ۋە ئويۇنلار)

1999 ـ يىللىق 1 ـ سان

ھېسابلىق تېپىشماقلار ............ توپلىغۇچى: ئەسقەر مەخسۇت (18)

تېپىشماقلار ............ توپلىغۇچى: ئەسقەر مەخسۇت (52)

تېپىشماقلار ............ توپلىغۇچى: ئەسقەر مەخسۇت (65)

2000 ـ يىللىق 2 ـ سان

يېڭىلىتمىلار ............ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئوسمان (78)

2000 ـ يىللىق 6 ـ سان

سۆز ئويۇنلىرى ............ توپلىغۇچى: مەمەتجان ئىسمائىل (58)

2001 ـ يىللىق 5 ـ سان

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرىدىن تەرمىلەر ............ ئابدۇقادىر سادىر (36)

(تېبابەت دۇردانىلىرى)

1999 ـ يىللىق 4 ـ سان

ئاددىي رېتسېپلار ............ توپلىغۇچى: غالىبجان تۇرسۇن (35)

2002 ـ يىللىق 5 ـ سان

كۆتۈنۈش جەھەتتىكى يېڭى بايقاشلار ............ (60)

2003 ـ يىللىق 2 ـ سان

ھەيرانمەن ............ توختى باقى ئارتىشى (57)

2003 ـ يىللىق 3 ـ سان

ساغلاملىق ـــ بىباھا ............ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (68)


MIRAS

www.uyghurkitap.com




2003- يىللىق 4- سان

ساغلاملىق ــ بىباھا ........ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (65)

2003- يىللىق 5- سان

ساغلاملىق ــ بىباھا ........ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (24)

2003- يىللىق 6- سان

ساغلاملىق ــ بىباھا ........ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (62)

2004- يىللىق 1- سان

ساغلاملىق ــ بىباھا ........ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (70)

2004- يىللىق 3- سان

بۇرۇن ھەققىدە ........ تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر ئابدۇللا (28)

2004- يىللىق 4- سان

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى ........ كامال ھىسامىدىنوف (قازاقىستان) تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن (30)

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى ........ كامال ھىسامىدىنوف (قازاقىستان) تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن (39)

2005- يىللىق 1- سان

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى ........ كامال ھىسامىدىنوف (قازاقىستان) تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن (69)

2005- يىللىق 2- سان

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى ........ كامال ھىسامىدىنوف (قازاقىستان) تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن (22)

2005- يىللىق 3- سان

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى ........ كامال ھىسامىدىنوف (قازاقىستان) تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن (19)

2005- يىللىق 4- سان

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى ........ كامال ھىسامىدىنوف (قازاقىستان) تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن (13)


(تەبرىك، تىلەك، نۇتۇق، خەۋەر، ئۇچۇر ۋە باشقىلار)


1999- يىللىق 1- سان

ۋېنگرىيىلىك مەشھۇر تۈركلوگ ــ نېمېز گيولولا ........ ئايگۈل قادىر (63)

1999- يىللىق 2- سان

«زەينۇل ئەخبار»دىكى خوتەن خاتىرىلىرى ........ تەييارلىغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم (63)

ھىدايەت ........ تەييارلىغۇچى: ئەزىزى (27)

مۇقام مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىي مىراسى ........ ئەخمەتجان مۇھەممەد پىدائى (62)

ئۇچۇرلار ........ مۇختار مۇھەممەد (71)

پەرھىز (تابۇ ئادەتلىرى) ........ تەييارلىغۇچى: ئارسلان ئابدۇللا (69)

1999- يىللىق 3- سان

ئۆلۈم تابۇلىرى ........ تەييارلىغۇچى: ئارسلان ئابدۇللا (75)

1999- يىللىق 4- سان

تابۇلار (پەرھىزلەر) ........ تەييارلىغۇچى: ئارسلان ئابدۇللا (72)

گېرمانىيىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ........ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (74)

2000- يىللىق 2- سان

خىلمۇخىل مۇزېيلار ........ مۇبارەك غاپپار (ت) (74)

2000- يىللىق 4- سان

شانلىق مۇساپە ــ يېقىملىق ئابىدە ........ ياسىن زىلال (1)

2000- يىللىق 6- سان

ئاجايىپ- غارايىپ كەنتلەر ........ بەختىيار باۋۇدۇن (ت) (41)

ئافرىقىلىقلارنىڭ ئوغۇل- قىزلارنى سۈننەت قىلىش ئادىتى ........ خۇرسەنئاي مەمتىمىن (ت) (46)

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 60 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى ........ (77)

**2000-يىللىق 5-سان**

غۇلجىدا «ھىسام چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «چاقچاق بەزمىسى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى ...... (78)

**2001-يىللىق 1-سان**

مەرىپەتپەرۋەر شائىر، مەرىپەت پېشۋاسى نىمشېھىت ئەرمىيە ئېلى سايرامى ...... غەيرەتجان ئوسمان (58)

ئۇلۇغ ئالىم لېۋىس ھېنرى مورگان ...... ئەسەت سۇلايمان (78)

قومتۇرا مىڭئۆيىنىڭ كۆز يېشى توختىسۇن ...... مۇختار مۇھەممەد (60)

**2001-يىللىق 2-سان**

ئەر بىلەن ئەل كۆكرەر، ئەر قەدرىنى ئەل بىلەر ...... ياسىن زىلال (22)

فولكلورشۇناس ئالىم، تۆھپىكار باغۋەن ...... نۇرنىسا باقى (27)

**2001-يىللىق 3-سان**

تەبرىك ۋە تىلەك ...... ھېيتەم ھۇسەيىن (1)

تەيلور ۋە فرازېر ...... ئەسەت سۇلايمان (59)

تىلشۇناس لى سىن ...... يۇسۇپ ئىگەم (75)

«قارانچۇق» قالتىس ...... پەرىدە مالىك (44)

«ئابلىمىت سادىق، ئابدۇكېرىم راخمان ئىجادىيىتى، ئىلمىي نەتىجىلىرى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى ...... نۇرنىسا باقى (77)

**2001-يىللىق 4-سان**

ئاقىل ئاقىلنى بىلەر ...... تەييارلىغۇچى: ئەسەت سۇلايمان (65)

**2001-يىللىق 6-سان**

مەرىپەت پېشۋاسى — نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ...... (78)

**2002-يىللىق 1-سان**

جۇڭگو فولكلور ئىلمىنىڭ پېشۋاسى، ئۇستازىم جۇڭ جىڭۋېننى ئەسلەيمەن ...... راھىلە داۋۇت (67)

قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئالبېرت گرۈنۋېدېل ...... ئابلەت سەمەت (33)

**2002-يىللىق 2-سان**

ژۇرنىلىمىزنىڭ شان-شەرىپى ...... رىسالەت مۇھەممەد، مۇختار تۇردى خەۋىرى (76)

**2002-يىللىق 3-سان**

«ئۇقۇشماسلىق»تىن تۇغۇلغان ئويلار ...... مۇختار مۇھەممەد (21)

يىگىتلىك شەجەرىسى ...... غەلبە مۇھەممەد (7)

**2002-يىللىق 4-سان**

مەنىۋى قەسرىمىزنىڭ ئالتۇن تۈۋرۈكى ...... ئىمىن ھاشىم (75)

**2002-يىللىق 5-سان**

ل. مۇتەللىپ — شائىرلىق كوچىسىدىكى پەرۋانە ...... روشەنگۈل ئابلىز (63)

**2003-يىللىق 1-سان**

مەشھۇر ئالىم ئەل پەرغانى ...... ئەزىزى (65)

تۆھپىكارلارغا مۇبارەك ...... ھېيتەم ھۇسەيىن (18)

ئۆتمۈشىمىزنىڭ يارقىن خاتىرىسى ...... قۇربان ئابلىمىت (62)

**2003-يىللىق 3-سان**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىناس دوستى — گۇننار ياررىڭ ...... مۇناجىدىن مۇنۇر (30)

ئۇ ھەممىمىزنىڭ گۈزەل ئانىسى ...... سەلىمە كامال (60)

**2003-يىللىق 4-سان**

قانۇنىنىڭ چاقىرىقى ...... مۇختار مۇھەممەد (62)

**2003-يىللىق 5-سان**

مۇھىت، مەۋجۇدىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ...... ئابدۇرەھمجان يۇسۇپ ئۈمىد (39)

**2004-يىللىق 1-سان**

www.uyghurkitap.com




دىلدىن دىلغا يول ............ غەيرەت ئاسىم (18)

ئامېرىكىنىڭ 43 ـ نۆۋەتلىك پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندا سۆزلەنگەن نۇتۇق ............ مۇختار تۇردى تەرجىمىسى (59)

2004 ـ يىللىق 2 ـ سان

ئۆتمۈشتىن ئۇچۇرلار ............ بۇرھان (20)

قەشقەر روھى ............ مۇختار تۇردى (42)

تورۇنتودىكى «ئانا تىل ئۆگىتىش جېكى» ............ (60)

ئادالەت ............ (63)

جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئىشەنچ ............ ئادىل مىجىت غەمخانە (66)

2004 ـ يىللىق 3 ـ سان

مەرىپەت يۇلتۇزى ............ ئەزىزى (1)

ئۆتكەن كۈنلەر ............ روزى مىراپ ياسىن (21)

يېرۇسالېم (قۇددۇس) ............ مۇختار مۇھەممەد (51)

2004 ـ يىللىق 6 ـ سان

دادا، ئەمدى سىزدە ئوقۇيمەن ............ مەتروزى نۇرى (1)

غەربىي رايون فىلولوگىيە بايلىقى مۇنبىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى ............ (73)

2005 ـ يىللىق 1 ـ سان

فىنلاندىيە ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ماتېرىيال خەزىنىسى (خىلىنىسكى) ............ (75)

2005 ـ يىللىق 2 ـ سان

ھاياتنىڭ خوجايىنى بول ............ ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپ ئۈمىد (39)

تاشكەنتتە ئۆتكەن كۈنلەر ............ تەلئەت ناسىرى (62)

قومۇل تەسراتلىرى ............ ئۆمەرجان سىدىق (57)

2005 ـ يىللىق 3 ـ سان

ماركا ئېگى ۋە ئۇيغۇرچە ماركىلار ............ ئابدۇۋەلى ئايۇپ (53)

قومۇلدىكى مازارلار ............ ئايشەم ياقۇپ (68)

2005 ـ يىللىق 4 ـ سان

يارقىن مىللىيلىك، سەممىي ھېسسىيات ............ خۇرسەنئاي مەمتىمىن (78)

ئۇلۇغبەگ ۋە شەيخ ئەخمەد ............ غ. ئاسىم ئوغلى (1)

«مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى» ۋە مېنىڭ مومام ............ ئارسلان تالىپ (62)

ئەل سۆيگەن سەنئەتكار ............ شاھمۇھەممەد مۇھەممەتئىمىن قۇربان (29)

(تەرجىمە ئەسەرلەر)

1999 ـ يىللىق 2 ـ سان

پەرىزات بېلىق ............ ئەخمەتجان مەتروزى تەرجىمىسى (31)

ئايااللار ............ داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى (34)

1999 ـ يىللىق 4 ـ سان

كامىرون ھايۋانات چۆچەكلىرى ............ مۇختار مۇھەممەد تەرجىمىسى (76)

2000 ـ يىللىق 3 ـ سان

ئىككى تەگرىنىڭ كۈرىشى ............ يۈسۈپ ئىسھاق تەرجىمىسى (71)

2000 ـ يىللىق 4 ـ سان

يېڭى چۆچەكلەر ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (74)

2000 ـ يىللىق 5 ـ سان

ئالتە ئاق قۇ ............ ساتتارجان غوپۇر تەرجىمىسى (22)

يېڭى چۆچەكلەر ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (30)

ماناس ............ نۇرنىسا باقى، توقتىبۇبۇ ئىسھاق تەرجىمىسى (63)

2000ـ يىللىق 6ـ سان

يېڭى چۈچەكلەر ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (35)
ماناس ............ نۇرنىسا باقى، توقتىبۇبۇ ئىسھاق تەرجىمىسى (59)
ئافرىقىلىقلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلارنى سۈننەت قىلىش ئادىتى ............ خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى (46)

2001ـ يىللىق 1ـ سان

تۇتېم ھېكايىلىرى ............ تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن كەلپىن (51)
ماناس ............ نۇرنىسا باقى، توقتىبۇبۇ ئىسھاق تەرجىمىسى (72)
برېژنېۋچە سۆيۈش ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (29)
ھايۋانلارنىڭ دەپنە مۇراسىملىرى ............ مۇختار مۇھەممەد تەرجىمىسى (49)

2001ـ يىللىق 2ـ سان

بەزىلەر ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (19)
ئاگىلىغانمۇسىز ............ مۇختار مۇھەممەد تەرجىمىسى (21)
دوزاخنى تاللاش ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (40)
ئاينۇرى ئەپەندى ۋە ئۆمەر رېشت ............ خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى (54)
چىلانتورۇق ئات ............ ساتتار غوپۇر تەرجىمىسى (56)
ماناس ............ نۇرنىسا باقى، توقتىبۇبۇ ئىسھاق تەرجىمىسى (69)

2001ـ يىللىق 3ـ سان

كۆكۈلدە كۆز بولسۇن ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (8، 57، 26، 58)
دەرەخ تۇۋىدىكى ئىستىقامەت ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (47)
ئادالەت ئۆلگەن ............ مۇرات ئىسمائىل تەرجىمىسى (63)
ماناس ............ نۇرنىسا باقى، توقتىبۇبۇ ئىسھاق تەرجىمىسى (61)

2001ـ يىللىق 4ـ سان

«ۋاپادار ئوغۇللار» ............ داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى (6)
ماناس ............ نۇرنىسا باقى، توقتىبۇبۇ ئىسھاق تەرجىمىسى (67)

............2001ـ يىللىق 5ـ سان

كۆتۈلمىگەن ئاقىۋەت ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (50)
ماناس ............ نۇرنىسا باقى، توقتىبۇبۇ ئىسھاق تەرجىمىسى (71)

2001ـ يىللىق 6ـ سان

كىم ھەقىقىي ئەركەك؟ ............ داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى (61)

2002ـ يىللىق 1ـ سان

ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆچىرەتتە تۇرۇش ئىستىلى ............ شۆھرەت تەلئەت تەرجىمىسى (15)
توشقاننىڭ دوكتورلۇق دىسسىرتاتسىيىسى ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (35)
چۈش ............ مۇختار تۇردى تەرجىمىسى (75)

2002ـ يىللىق 2ـ سان

ياخشىلىق ئۇنتۇلماس ............ (38)
ئەپچىل چارە ............ (50)
ياردەم ............ (52)
ئارزۇ ـ ئارمانغا يېتىش ............ (58)
كالتە جۇۋا ............ تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت تەرجىمىسى (60)
مۇھەببەت ۋە جاسارەت ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (62)

2002ـ يىللىق 3ـ سان

بۇ سېنىڭ ھوقۇقۇڭ ............ قادىر راخمان تەرجىمىسى (20)
ئالما ئىچىدىكى يۇلتۇز ............ قادىر راخمان تەرجىمىسى (22)

تۈزگۈچى: نۇرنىسا باقى

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)

M I R A S

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاكادېمىك شەرقشۇناس ئالىم ھېرمان ۋامبېرى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى



مەھمۇد زەيدى

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش، نەشر قىلىش ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى ئاساسەن XIX ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن ئېتىبارەن ياۋروپا ۋە روسىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا ۋ. ۋ. رادلوۋ، ۋ. ۋ. بارتولد، ن. ف. كاتونوۋ، ن. ن. پانتۇسوۋ، چ. چ. ۋەلىخانوۋ، ئا. ئا. دىۋايېۋ، گ. ن. پوتانىن، ھ. ۋامبېرى قاتارلىق شەرقشۇناسلارنىڭ تۈرك، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، تۈركمەن، قىرغىز، قاراقالپاق خەلقلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى يېزىق بىلەن خاتىرىلەپ بۇ نۇسخىلارنى رۇسچە، گېرمانچە ۋە باشقا تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. تارىخ، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە، شەرقشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان بۇ ئالىملار مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، ئۆرپ-ئادىتى، ياشاش شارائىتى، سىياسىي-ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۆگەنمەكچى ۋە ئۇ ھەقتە تەتقىقات يۈرگۈزمەكچى بولغىنىدا، ئالدى بىلەن شۇ خەلقنىڭ فولكلورى ۋە ئەدەبىياتىغا ھەم ئۇنى توپلاپ نەشر قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇلار ئارىسىدا ئاتاقلىق ئالىم ۋە سەيياھ ھ. ۋامبېرىنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

فېئودال ھۆكۈمرانلىق كۈچەيگەن بىر زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا توپلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق ۋېنگىر ئالىمى ئېتنوگراف، ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بويىچە بىرىنچى ئالىم ھېرمان ۋامبېرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى بىرىنچى بولۇپ توپلاپ نەشر قىلدۇرغان ۋە ئۇلارنى گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئالىم ۋە تەرجىماندۇر.

1832-يىلى ۋېنگرىيەنىڭ پرېسبۇرگ ۋىلايىتىدە كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان ھېرمان ياشلىقىدىن باشلاپلا تىل ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى يىراق-يىراقلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى بىلىش ئىدى. ئەنە شۇ مەقسەتتە ئۇ 15 يېشىدىلا لاتىن، گېرمان، گرېك، ئىنگلىز تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىۋالدۇ. 1852—1856-يىللاردا ئۇ بۇداپېشتتا ئائىلە ئوقۇتقۇچى-

سى سۈپىتىدە تونۇلۇك تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ باللىرىغا گېرمان، لاتىن، گرېك تىللىرىدىن دەرس بېرىدۇ. شۇ يول بىلەن ئاساسىي مەقسىتى — باشقا يۇرتلاردىكى خەلقلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاز-ئازدىن پۇل يىغىدۇ. 1855-يىلى تۈركىي تىللارنى پۇختا ئۆگەنگەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە باشلايدۇ. كېيىنچە ئۇ بۇ ھەقتە «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويلاپ ساياھەت» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشكە بولغان چەكسىز قىزىقىشىم سەۋەبلىك، بالىلىقىمدىن باشلاپلا بىر نەچچە خىل ياۋروپا ۋە ئاسىيا تىللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەنىدىم. دەسلەپتە مېنى شەرق ۋە غەربنىڭ رەڭگارەڭ ئەدەبىياتى قىزىقتۇرغان بولسا، كېيىنچە تىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئايرىم تىللارنى بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشنىمۇ ئويلاشقا باشلىدىم».

1856-يىلى ئۆزىگە يېتەرلىك پۇل جۇغلىغان، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئۆزىدە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلغان ھېرمان كونستانتىنوپولغا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ كۆپ خىل تىللارنى بىلگەنلىكىنىڭ ھەقىقەتەن پايدىسىنى كۆرىدۇ. جۈملىدىن، ئۇ مۇشۇ سەۋەبلىك پېداگوگىكا بىلىم يۇرتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ شۆھرىتى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ.

ئۇ شەھەرنىڭ يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرى بىلەن دوستلىشىدۇ. ئۇلار ئۇيۇشتۇرغان ئىلمىي سورۇنلارغا قاتنىشىدۇ. ئەنە شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ 14 مىڭ سۆزلۈك «گېرمانچە-تۈركچە يانچۇق لۇغىتى» (1858-يىل) ۋە 40 مىڭ سۆزلۈك «چاغاتايچە-گېرمانچە چوڭ لۇغەت» (1860-يىلى) نەشر قىلىنىدۇ. بۇ نەتىجىلەر ئۇنىڭ 1861-يىلى ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بولۇپ سايلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلىشنى ۋە بۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيەسى، تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر تېخى ئىلىم ساھەسىگە نامەلۇم بولغان ماتېرىياللارنى توپلاشنى تاپشۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق يازغان: «مېنىڭ بوسفوردىن سەمەرقەندكىچە ساياھەتكە چىقىشىم — ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىللىرىنى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنى، شۇنىڭدەك خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىقلاشنى مەقسەت قىلاتتى». شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ 1862-، 1863-يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى باشلىنىدۇ.

ۋامبېرى 1862-يىلى كونستانتىنوپولدىن تېھرانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. كونستانتىنوپولدا كاتتا شۆھرەت قازانغان بۇ تۈركشۇناس سەيياھقا كىشىلەر زور ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، «رەشىد ئەپەندى» دەپ نام بېرىشكەنىدى. ئەمدى بۇ رەشىد ئەپەندى — ھېرمان ۋامبېرى مەككە ۋە مەدىنىدىن قايتىۋاتقان بىر توپ دەرۋىشلەرگە قوشۇلۇپ ھاجى دەرۋىش قىياپىتىدە مازەندەرانغا، كېيىن ئافغانىستانغا كېلىدۇ. تۈركمەن سەھرالىرى ئارقىلىق جىق جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن خىۋەگە، ئۇ يەردىن قىزىلقۇم ئارقىلىق بۇخاراغا ئۆتىدۇ. 1863-يىلى 12-ئىيۇلدا بۇخاراغا كەلگەن ۋامبېرى بۇ شەھەردە ئۇزاقراق تۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يولىنى داۋام قىلىشى،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى





سەمەرقەندكە بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ مەلۇم مەزگىل تۇرۇشى
كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئالدىرىتىشلىرىغا قارى-
ماستىن ۋامبېرى بۇخارادا 18 كۈن تۇردۇ. ئەنە شۇ مەز-
گىلدە ئۇ ئەمىرلىكتىكى سىياسىي ۋە مەدەنىي ھايات
بىلەن، بۇخارالىقلارنىڭ ئېتنىك ھەم دىنىي ئۆرپ-ئادەتلە-
رى بىلەن، شەھەردىكى تارىخىي ئابىدىلەر ۋە زىيارەت-
گاھلار بىلەن يېقىندىن تونۇشۇشقا ئۈلگۈردى. شەھەر ئا-
ھالىسىنىڭ قۇل، دەرۋىش، قەلەندەرلەردىن تارتىپ،
بەگ ۋە خانلارغىچە تەبىقىلەرگە بۆلۈنگىنىنى كۆردى.
مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى «بۇخارا ياكى ماۋەر-
رائۇننەھر تارىخى» دېگەن ئىككى توملۇق ئەسىرى
ئۈچۈن مول ماتېرىياللارنى توپلايدۇ.

ئۇ چاغلاردا سىياسىي ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزۈش
ئىسلام دىنى كونتروللۇقىدا بولۇپ، ھەر بىر ئادەم
جەزمەن مۇسۇلمانچىلىق شەرتلىرىنى مۇقەددەس بىلىپ،
ئۇنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. دىنىي مۇ-
راسىملارمۇ رەئىسلەرنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشى ئاستىدا
ئۆتكۈزۈلەتتى. شۇنداق ئىكەن، ۋامبېرى بۇخارادىكى
مەزگىلدە مۇسۇلمانچىلىق شەرتلىرىگە تولۇق ئەمەل
قىلاتتى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا ــ بىر ياۋروپالىققا نىسبە-
تەن بۇخارالىقلاردا شۈبھە تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن بەكمۇ
قولايلىق بولغان بىر ۋاستە ئىدى. كېيىنچە ئۇ: «ھەقىقە-
تەنمۇ بۇخارانى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزى دېيىش سە-
ۋەبسىز ئەمەس ئىكەن. بولۇپمۇ، چەت ئەلدىن كەلگەن-
لەرنىڭ نەزەرىدە بۇخارائى شەرق ھەقىقىي مەدەنىيەت
ئوچىقىدۇر. مەن بۇ شەھەرنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا، كۆز
ئالدىمدا پارىژ ۋە لوندون گەۋدىلىنىدۇ» دەپ يازغان-
دى. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە شەھەر كۇتۇپخانىلىرىدا تۈرلۈك
پەنلەرگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى
تىلغا ئالدۇ.

ۋامبېرى تېھراندىن باشلانغان ساياھىتىنىڭ بىرىنچى
كۈنىدىن باشلاپ سەمەرقەندكە كەلگۈچە خەلق ئېغىز ئە-
جادىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇ-
نىلىرىنى توپلىدى. ئۇلارنىڭ كۈيلىنىش ۋە ئىجرا قىلىنىش
شارائىتلىرىنى كۆزەتتى. يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھاياتى، تۇر-
مۇشى ۋە يېمەك-ئىچمىكى، بايرام-مۇراسىملىرى، ئۆرپ-
ئادەتلىرى ۋە رەسىم-يوسۇنلىرىغا دائىر باي ماتېرىياللار-
نى توپلىدى. ئۇ ساياھىتى ئاخىرىدا توپلىغان ماتېرىياللى-
رىنى ۋە ئۆزىنىڭ يولباشچىسى ــ 24 ياشلاردىكى
خوتەنلىك مولا ئىسھاقنى ئۆزى بىلەن بىللە ۋېنگرىيەگە
ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلغانلى-
قى ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرى ياۋروپادا كۆپ غۇلغۇلىلار-
غا سەۋەب بولدى. بۇ غۇلغۇلىلار ھەتتا ئۇ ساياھەت
قىلغان جايلارغىمۇ يېتىپ كەلدى. كۆپلىگەن مەتبۇئات
ئورۇنلىرى ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىپ ماقالە يېزىپ بې-
رىشنى سوراشتى. ساياھەتتىن قايتىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا،
ساياھىتى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا چۆچەككە ئايلانغان بۇ كە-
شىنى ئەنگلىيە، گېرمانىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار لېكسىيە
سۆزلەش، بۇ قىممەتلىك ساياھىتى ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرى
ھەققىدە كىتابلار چىقىرىش ۋە دەرسلىكلەر تۈزۈشكە
تەكلىپ قىلىشتى. ھېرمان ۋامبېرى ئۆز ئۆمرىدە ئەدەبى-
ياتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيەگە دائىر يىگىرمە-
دىن ئارتۇق يىرىك ئەسەر يازدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆ-
پىنچىسى ئۇنىڭ ھايات چېغىدىلا (ئالىم 1913-يىلى ۋاپات
بولغان) رۇس، ئىنگلىز ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىن-
دى. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھەت-
لىرى جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان
«ئوتتۇرا ئاسىيانى بويلاپ ساياھەت»، «ئوتتۇرا ئاسىيا
ئوچېركلىرى»، «بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننەھر تارىخى»،
«مېنىڭ ھاياتىم»، «شەرقنىڭ ھاياتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلە-
رى ئوچېركلىرى» گېرمان تىلىدىكى تەرجىمىسى بىلەن
بىللە نەشر قىلىنغان «يۈسۈپ بىلەن ئەھمەد»، «شەيبانىي-
خان» داستانلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پېنسيونېرى)

# يۇمۇرلار



## يارامىلىق ئىت

بىر ئائىلىدىكى تۆت جان ئادەم بەك ھۇرۇن ئىكەن.

يولدىشى ئايالىنى ئىشقا بۇيرۇسا، ئايالىنىڭ قىلغۇسى كەلمەي، چوڭ قىزىنى بۇيرۇيدىكەن، چوڭ قىزى سىڭلىسىنى بۇيرۇيدىكەن، سىڭلىسى ئىتنى بۇيرۇيدىكەن.

بىر كۈنى ئۆيگە مېھمان كېلىپ، ئىتنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى بەك چاققان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن:

— ئىتىڭىز ئۆي ئىشلىرىنى قىلالايدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دەپتۇ.

— ئامال يوق، ئۇلارنىڭ قىلغۇسى كەلمەي ھەممىنى ماڭا بۇيرۇيدۇ، — دەپتۇ ئىت.

— سەن تېخى گەپ قىلالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مېھمان تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

— بوشراق سۆزلەڭ، ئەگەر ئۇلار ئاڭلاپ قالسا تېلېفونىمۇ ماڭا ئالدۇرىدۇ دەپتۇ، — ئىت ئالدىراپ.

## تىللاش

ئېرى يېرىم كېچە بولغاندا غەرق مەست ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆي ئىچىگە قۇلاق ساپتۇ. بىراق ئۆيدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانماپتۇ.

ئېرى خېلىغىچە ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلىيالمىغاچقا ئاخىر چىداشلىق بېرەلمەي، يۇقىرى ئاۋازدا:

— خوتۇن، مېنى نېمىشقا تېخىچە تىللىمايدىغانسەن؟ تېزرەك تىللىغىنە، بولمىسا ئۆينىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن كارىۋاتنى تاپالمايۋاتىمەن — دەپ ۋارقىراپتۇ.

## مۇھەببەتلىشىش

جېك بىلەن مايك قەھۋەخانىدا مۇڭدىشىپتۇ. جېك مايكىدىن:

— سەن مۇھەببەتلەشكىلى خېلى بولدى، قانداقراق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسەن، — دەپ سوراپتۇ.

مايك مەيۈسلىنىپ:

— مۇھەببىتىڭ يىراقتا بولسا يۈرىكىڭ، يېقىندا بولسا بېشىڭ ئاغرىيدىكەن شۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئۇ يەر بەك سوغۇق ئىكەن

پو ئېتىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئېكسپېدىتسىيەچى پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— مەن بارغان ئۇ جاي بەك سوغۇق ئىكەن. شام توڭلاپ قالغانىنى ئاز دەپ ئوتمۇ توڭلاپ قالىدىكەن، پۇۋلىسىمۇ ئۆچۈرەلمەيدىكەنسەن، — دەپتۇ.

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار. مەن بارغان ئۇ جاينىڭ سوغۇقلۇقىدىن سۆزلىگەن سۆزلىرىڭمۇ توڭلاپ قالىدىكەن، ئېرىتىۋالغاندىن كېيىنلا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلەيدىكەنسەن ئەمەسمۇ، — دەپتۇ يەنە بىرىمۇ بوش كەلمەي.



## شىر كۆندۈرۈش

سىرك ئۆمىكىگە شىر كۆندۈرگۈچى قوبۇل قىلماقچى بوپتۇ. بىر ياش ئىمتىھان بېرىشكە كەپتۇ ۋە سىرك ئۆمىكىنىڭ خوجايىنىغا ئۆزىنى كىچىكىمدىن باشلاپ دادامدىن شىر كۆندۈرۈشنى ئۆگەنگەنمەن، دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ.

— داداڭ ساڭا شىرنى ئوت چەمبىرىكىدىن ئۆتكۈزۈشنى ئۆگەتكەنمۇ، — دەپ سوراپتۇ خوجايىن.

— ئۆگەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





— داداڭ ساڭا ئالتە شىرنى تېھران شەكلىدە تىزىشنى ئۆگەتكەنمۇ؟

— ئۆگەتكەن.

— ئۇنداقتا سەن بېشىڭنى شىرنىڭ ئاغزىغا تىقىپ باققانمۇ؟

— تىقىپ باققان، بىراق پەقەت بىر قېتىم.

— پەقەت بىر قېتىمما؟

— شۇنداق، ئۇ قېتىم دادامنى ئىزدەپ شۇ...

## سۇغۇرتا سېتىش

جېنىس يېڭى ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىش مەركىزىگە بۆلۈنۈپ، ئەسكەرلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ سۇغۇرتا تۆلەم پۇلىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا سۇغۇرتا سېتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئاپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ خىزمەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى گېنېرال شىمىسنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پىكرىنى ئالغان ئەسكەرلەرنىڭ سوغۇرتا سېتىۋېلىش پىرسەنتى يۈز پىرسەنتكە چىققان ئىكەن.

گېنېرال جېنىستىن خىزمەتنى قانداق ئىشلىگەنلىكىنى بىۋاستە سورىماي، ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ئۇنىڭ سۇغۇرتا چۈشەندۈرۈشىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپتۇ.

جېنىس يېڭى ئەسكەرگە ئارمىيە سۇغۇرتىسىنىڭ ئاساسىي ماددىلىرىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:

— ئەگەر سىز ئارمىيە سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، ئالدىنقى سەپتە ئۆلۈپ كەتسىڭىز ئۇنداقتا ھۆكۈمەت سىزگە 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم بېرىدۇ. ئەگەر سىز سۇغۇرتىغا قاتناشماي ئالدىنقى سەپتە ئۆلۈپ كەتسىڭىز سىزگە پەقەت 6000 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم بېرىدۇ. شۇنداق بولغاندا سىزنىڭچە ھۆكۈمەت قايسى كىشىلەرنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشى مۇمكىن؟

## قورقۇتۇش

سوتچى بالىسىنى پارىژ تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇزىكا كېچىلىكىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. كېچىلىكتە بىر يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى ئىنتايىن جۇشقۇن ناخشىنى ئېيتىپتۇ.

— دادا، ئاۋۇ ئادەم نېمىشقا تاياقنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاۋۇ ئايالنى قورقىتىدۇ؟

— قورقۇتمىدى، ئۇ دىرىژورلۇق قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ ئايال نېمانچە جېنىنىڭ بارىچە ئىنجىقلايدۇ ئەمىسە.

## راست ۋە يالغان

بىر كۈنى بىر ئايال ماشىنا ھەيدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن يولدا كېتىۋاتقان تانكا، بىرونېۋىكلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا بىر ئەسكەر ئۇنى توسۇپ:

— ئۇ يەردىن ئۆتسىڭىز بولمايدۇ خانىم، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟

— ئۇ كۆۋرۈك ئىككى سائەت ئىلگىرى پارتىلاپ كەتتى.

كۆۋرۈكنىڭ سايمۇساق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئايال ماشىنىدىن چۈشۈپ يەنە بىر ئەسكەردىن سوراپتۇ.

— ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسەم نېمىشقا بولمايدۇ؟

— كەچۈرۈڭ خانىم، سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى مەن ئۈچ سائەت ئىلگىرى ئوق يەپ ئۆلگەن.

## ئالاھىدە ماھارەت

ئىندىيانلارنىڭ يۇرتىغا بىر ئائىلىلىك ساياھەتكە بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار بىر ياشانغان ئىندىياننىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇلىقىنى تاشيولغا چاپلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

دادىسى ھەيران قېلىپ ئۇنىڭدىن نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ:

— قىرىق ياشقا توشمىغان بىر ئايال، ئۈچ بالا، بىر دانە ئىت، توت ئىشىكلىك ساياھەت ماشىنىسى سائىتىگە 65 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىندىيان.

— قالتىسقۇ؟! سەن قۇلىقىڭنى يەرگە يېقىپلا شۇنچە كۆپ ئۇچۇرلارنى بىلەلەمسەن؟ سەندە ئالاھىدە ماھارەت بار ئىكەندە؟

— ياق، تېخى بەش مىنۇت ئىلگىرى ئۇلار مېنى سوقۇۋېتىپ كېتىپ قالدى.

**مەريەمگۈل قۇربان تەرجىمىسى**

(تەرجىمان: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)



خەتتات: ھۆسەنجان قاسم



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




# 美拉斯

# MIRAS

# مىراس


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60　广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001　定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58　باھاسى: 6.00 يۈەن
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040